# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

14



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋا رەسىمنى سىزغۇچى : مەمەت ئابدۇرېھىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت



ISBN 978-7-228-12027-7
9 787228 120277 >
定价：12.00元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## 14

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

— شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى —

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔民间故事．14：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008．11
（维吾尔民间文学大典）
ISBN 978－7－228－12027－7

Ⅰ．维… Ⅱ．维… Ⅲ．维吾尔族－民间故事－作品集－中国－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．I277．3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 177988 号

| | |
|---|---|
| 策　　划 | 阿不都热合曼・艾白，艾合买提・伊明 |
| 责任编辑 | 艾合买提・伊明 |
| 责任校对 | 阿布勒孜・阿巴斯 等 |
| 封面设计 | 买买提・诺贝提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐八家户彩印有限公司 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 5 |
| 版　　次 | 2008 年 11 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 11 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 12.00 元 |

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 14


نەشرگە تەييارلىغۇچى : «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
پىلانلىغۇچىلار : ئابدۇراخمان ئەبەي ، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى : ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 2827472—0991
پوچتا نومۇرى : 830001
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى : 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 5
نەشرى : 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 5000—1
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—12027—7
باھاسى : 12.00 يۈەن

# مۇھەررىردىن

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى باي ۋە گۈزەل بىر خەزىنە. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىنى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن باي، گۈزەل ۋە پارلاق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇزۇن تارىخقا، باي، چوڭقۇر مەزمۇنغا، ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇب ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر رەڭدار گۈلشەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بايلىقى ۋە كەڭلىكى بىلەن، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە گۈزەللىكى، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈش جەريانىدا خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن پىششىقلىنىپ، ۋەقەلىكى تاۋلانغان، نەتىجىسى روشەن ھەم ئۇمىدۋار، تىلى تەسىرلىك ۋە گۈزەل بولۇپ يېتىلگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، چۆچەك پېرسوناژلىرى بولغان، بىر پۈتۈن ۋەقەلىككە ئىگە نەسرىي ئەسەر. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەمگەكچى خەلق مېڭىسىدىكى

ئىنكاسى، ئەمگەكچى خەلق تۇرمۇشىنىڭ، ئىدىيە ـ ھېسسىياتىنىڭ، غايە ۋە ئارمىنىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى. چۆچەكلەر ئاساسەن رېئالىزملىق بولىدۇ، ئۇنىڭدا يەنە ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ قويۇق ئىپادىسىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىمۇ شۇنداق.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ھەقىقەتپەرۋەرلىكى، ئەمگەكچان روھى، ساغلام ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، قەيسەرانە كۈرەش قىلىش ئىرادىسى، شۇنداقلا ئېسىل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، كىشىلەرگە ياخشى بىلەن ياماننى، ھەق بىلەن ناھەقنى، ئۆز بىلەن دۈشمەننى، خۇنۇكلۇك بىلەن گۈزەللىكنى پەرق ئېتىشكە ياردەم بېرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مۇئەييەن تەربىيىۋى رولىنى بايقىۋالالايمىز.

شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بالىلارغا بولغان تەربىيىۋى رولى تېخىمۇ زور بولىدۇ. بالىلار كىچىكىدىن تارتىپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، جۈملىدىن چۆچەكلەرنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ يۇمران قەلبىدە ياخشىلىق، ھەققانىيلىق، گۈزەللىك، ھاياتنى ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش ئىستىكى ئويغىنىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۇرمۇشنى، تارىخنى بىلىش ۋە چۈشىنىشتىكى رولى، خەلق تىلىنى ئۆگىنىشتىكى رولى، گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئېستېتىكىلىق رولى، كۆڭۈل ئېچىش رولىنىمۇ ئۇنىڭ تەربىيىۋى رولىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا باغلانغان، ئۆزئارا گىرەلەشكەن، سىڭىشىپ كەتكەن، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان ۋە ئۆزئارا ماسلاشقان. بۇ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ خەلق

تۇرمۇشى بىلەن قان ـ گۆشتەك زىچ مۇناسىۋەتتى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى يېزىق شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا ۋۇجۇدقا كېلىپ، نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. يېزىق شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا توختاپ قالغىنى يوق. كېيىنكى مەزگىللەردە نۇرغۇن ئەللەردە خەلق چۆچەكلىرى يىغىپ خاتىرىلىنىپ، ئۇنىڭ يوقلىپ كەتمەي داۋاملىق مۇكەممەللىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ ئىش بىزدە بۇرۇن ئانچە ـ مۇنچە ئىشلەنگەن بولسىمۇ، رەسمىي ئىشلەش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىرقانچە توپلام قىلىپ ئىشلەنگەندى. 80 ـ، 90 ـ يىللارغا كەلگەندە ئېلىمىز بويىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگىچە خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى كەڭ كۆلەمدە يىغىلدى، رەتلەندى ۋە مەخسۇس توپلاملار نەشر قىلىندى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەسەرلەر قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇش، رەتلەش، تاللاش ئارقىلىق سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ زور ھەجىملىك «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ۋۇجۇدقا كەلدى. قولىڭىزدىكى 23 قىسىملىق «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دەل مۇشۇ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ مېۋىسى.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابقا سېھرىي چۆچەكلەر، تۇرمۇش چۆچەكلىرى، چېچەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر، ھەجۋىي چۆچەكلەر، تېپىشماقلىق چۆچەكلەر، ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 300 دىن ئارتۇق چۆچەك

كىرگۈزۈلگەن ۋە مۇناسىپ قىزىقارلىق قىستۇرما رەسىملەر سەپلەنگەن.

ئىشىنىمىزكى، بۇ بىر يۈرۈش كىتاب خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ ۋە رەڭدار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ مول ۋە رەڭدار ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇلار بۇ كىتابلىرىمىزدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، تارىخىي، ئەخلاقىي، دىنىي ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى، ئۆرپ - ئادەت ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ئىلھامغا ئېرىشەلەيدۇ. بىزنىڭ بۇ كىتابلارنى نەشرگە تەييارلاشتىكى ئاساسىي مۇددىئايىمىزمۇ دەل مۇشۇ.



# مۇندەرىجە


مەنشىرە بانۇ ...................... 1

تۇردىقاري بىلەن پادىشاھ ............... 22

خوجا سېلىم ........................ 36

ئادىمي شەيتان ...................... 50

ئەل قىلغاننى قىل، بالام ................. 54

ھەسنەم ۋە گۈلپەرى .................. 61

بىر شاھزادىنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشى .... 82

شەيتاننى ئالدىغان تاز ................ 110

مېھرى نىقاب ...................... 115

ئېيىق ئىسلان ...................... 140

# مەنشەربانۇ

كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاشكەنتكە قاراشلىق سەنبىزارى ھەرەم شەھىرىدە بىر جۈپ توڭگۈز پەيدا بولۇپ، بۇ شەھەرنىڭ يې-گۈدەكلىكى نەرسىلىرىنى ھەم كۆپ ئادەمنى يەپ كېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۈسەن شاھىغا مەلۇم قىلغۇچە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شەھەر خەلقى بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىران شاھى خۇسرەۋغا ئادەم ئەۋەتىشنى شەھەرنىڭ ھاكىمى كەركىن مىلاتقا مەسلىھەت ساپتۇ. بۇ مەسلىھەتنى ھاكىم كەركىن مىلات قوبۇل كۆرۈپ، نۇرغۇن خەلق بىلەن شەھرى شىرازغا بېرىپ خۇسرەۋ ئوردىسىنىڭ ئالدىدا «داد» ئېيتىپتۇ. ياساۋۇللار ئوردا دەرۋازىسىنى تۇسۇپ: «نېمە دادىڭلار بولسا، بىزگە ئېيتىڭلار» دەپتۇ. «دادىمىزنى پەقەت خۇسرەۋغىلا ئېيتىمىز، يولىمىزنى توسۇمىغايسىلەر» دەپ خالايىق چىڭ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياساۋۇللار شاھ دەرگا-ھىغا كىرىپ:

— ئەي شاھىم، بىرمۇنچە خالايىق داد ئېيتىپ كەپتۇ، دادىمىزنى شاھنىڭ ئۆزىگە دەيمىز، دەيدۇ. يارلىقلىرى نېچۈك-تۇر؟ — دەپتۇ.

شاھ خۇسرەۋ ياساۋۇللىرىغا خالايىقنى ئوردىغا باشلاپ كىرىشنى بۇيرۇپتۇ. خالايىق ئوردىغا كىرىپتۇ. كەركىن مىلات

باش ئېگىپ:

— ئەي شاھىم، بىزلەر تاشكەنتنىڭ سەنبىزارى ھەرەم شەھىرىنىڭ پۇقرالىرىمىز. شەھىرىمىزدە بىر جۈپ تۇخگۈز پەيدا بولدى. باغلىرىمىزدىكى تۈك ۋە پىششىق مېۋىلەرنى، ھەتتاكى ئۆيدىكى ئادەملەرنى يېدى. خالايىق ئۆيدە ياتالماي، ئۆگزىدە يېتىۋاتىدۇ. بىز بەك قورقۇپ قالدۇق. سىزنىڭ دەرگاھىڭىزدا كاتتا پالۋانلار باردۇ، شەپقەت قىلىپ بىزنى بۇ بالادىن قۇتۇلدۇرۇپ قويسىڭىز، — دەپتۇ.

شاھ خۇسرەۋ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، پالۋانلارغا:

— ئەي پالۋانلار، كىمدۇركى سەنبىزارى ھەرەمگە بېرىپ تۇخگۈزلارنى ئۆلتۈرۈپ، بىر جۈپ چىشىنى كېسىپ كېلىشكە ۋەدە قىلسا، بىر دانە ئالتۇن ئېگەرلىك ئارغىماق، ئون ئىككى مىڭ لەشكەر ئىنئام قىلغايمەن، — دەپتۇ. كىشىلەردىن سۆز چىقىپ بولغۇچە پىرئەن نوچىۋان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ئەي شاھىم، بۇ خىزمەتكە مەن بارغايمەن، — دەپتۇ.

خۇسرەۋ شاھ:

— ئەي پىرئەن، سەن ياشتا كىچىك، بۇ ئىشتا بىرەر ۋەقە يۈز بەرسە، بوۋاڭ رۇستەم، ئاتاڭ كەيسۇ سالارنىڭ مەندىن كۆڭلى ئاغرىيدۇ، سەن بارمىغىن، — دەپ، يەنە پالۋانلارغا قاراپ:

— قايسىڭلار بارىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ چاغدا يەنە پىرئەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ئەي شاھىم، بۇ خىزمەتنى مەن قىلالايمەن. مېنى تۇخگۈزلارغا كۈچى يەتمەيدۇ، دەپ سۇندۇرۇۋاتامسىز؟ ئەگەر رۇخسەت قىلمىسىڭىز، كۆزىڭىزدىن ئەنقادەك يېتىپ كېتەمەن، — دەپتۇ.

شاھ خۇسرەۋ نائىلاج بۇ ئىشنى پىرئەنگە تاپشۇرۇپتۇ.

پىرئەن ئۇن ئىككى مىڭ لەشكەرگە باش بولۇپ، سەندىبىزارى ھەرەمنىڭ ھاكىمى كەركىن مىلات بىلەن بىللە سەندىبىزارى ھەرەمگە كەپتۇ. كەركىن مىلات:

— ئەي پىرئەن، شەھەرگە كىرىپ بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپ ئاندىن توڭگۇزلارنى ئوۋلاشقا چىقايلى، — دەپتۇ. پىرئەن:

— مەن توڭگۇزلارنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ نېمىتىنى ئاغزىمغا سالغايمەن. بولمىسا، بىر يۇتۇم سۇ، بىر توغرام نانمۇ ماڭا ھارام بولغاي، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پىرئەنگە ئىككى ئادەم قوشۇپ بېرىپتۇ. ئۇلار پىرئەننى بىر تاغقا ئەكېلىپ، توڭگۇزلار مانا بۇ ئۆڭكۈردە، دەپ كۆرسىتىپتۇ. پىرئەن ئۇلارغا:

— مەن توڭگۇزلار بىلەن ئېلىشقاندا ئۈچ قېتىم نەرە تارتىمەن. ئۈچىلا نەرەمنى ئاڭلىساڭلار، توڭگۇزلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ، دەپ بىلىڭلار. بىرىنچى نەرەمنى ئاڭلاپ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى نەرەمنى ئاڭلىمىساڭلار، مېنى توڭگۇز ئۆلتۈرۈپتۇ، دەپ بىلىپ، ئاتا - ئانامغا ئېيتىپ قويۇڭلار، ماڭا دۇئا قىلىپ قويسۇن، — دەپ خوشلىشىپ، تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە قەدەم قويۇپتۇ. بۇ ئۆڭكۈر بېخىلنىڭ كۆڭلىدەك قاراڭغۇ ئىكەن. پىرئەن خەنجىرىنى تاشقا سۈرۈپ ئوت چىقىرىپ يورۇتۇپ بىر ئاش پىشىم يول يۈرۈپتۇ، ئاخىر بىر كۆنگەيگە چىقىپتۇ. بۇ يەرنىڭ تۆت ئەتراپى پەلەك بىلەن باراۋەر تاغ ئىكەن. پىرئەن بۇ يەردە بىر جۈپ توڭگۇزنىڭ ئۆزىنى كۈنگە قاقلاپ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، سەپسىلىپ قارىسا، بۇ توڭگۇزنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئارىلىقى يەتتە گەز كېلىدىكەن. پىرئەن بۇنى كۆرۈپ، ئەي رەببىم، بۇ يىرتقۇچ مەخلۇقنى يەڭگۈدەك كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغايسەن، دەپ، توڭگۇزنىڭ ئالدىغا بېرىپ نەرە

تارتىپتۇ. بۇ نەرە ئاۋازىدىن توڭگۇزلار چۆچۈپ ئويغىنىپ قارد-
سا، ئالدىدا بىر ئادەم تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن توڭگۇزلار چىشلىد-
رىنى ھىڭگايتىپ، يەرنى تاتىلاپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ پىرئەننى
بېسىۋاپتۇ. پىرئەن ئىككىنچى نەرە تارتىپتۇ - دە، مۇشتلىرىنى
تۈگۈپ ئۈچ يۈز ئاتمىش ئالتە تومۇرىدىكى كۈچ - قۇۋۋىتىنى بىد-
لىكىگە يىغىپ توڭگۇزنىڭ بېشىغا ئۇرۇپتۇ. پىرئەننىڭ مۇشتد-
لىرى توڭگۇزنىڭ كاللىسىغا جەينەكلىرىگىچە كىرىپ كېتىپتۇ،
توڭگۇزنىڭ مېڭىسى ھەر تەرەپكە چاچراپ كېتىپتۇ، توڭگۇزلار
يەر چىشلەپتۇ. بىرگە كەلگەن ھەمراھلار پىرئەننىڭ ئۈچىنچى
نەرە ئاۋازىنى ئاڭلاپ، پىرئەن توڭگۇزلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ، دەپ بىد-
لىپتۇ. پىرئەن خۇداغا يۈزمىڭ شۈكۈرلەر كەلتۈرۈپ، خەنجىرد-
نى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ، توڭگۇزلارنىڭ چىشلىرىنى كېسىۋاپتۇ.
بىرگە كەلگەن ھەمراھلار بۇ ئىشنى ئالدىن بېرىپ كەركىن
مىلاتقا خەۋەر قىپتۇ. پىرئەننىڭ باتۇرلۇقىغا قاراپ، كەركىن
مىلات پىرئەننى كۈسەن شاھىغا تۇتۇپ بېرىش ئويىغا كەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىگە بىر شۇملۇقنى پۈكۈپ، پىرئەنگە: «سىز-
نىڭ ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن بىر تاغنى ئالتۇن قىلىپ بەرسىمۇ،
ئازلىق قىلىدۇ. بىر ئاخشام بولسىمۇ، بىزنىڭ كۆلبىمىزگە قەد-
دەم تەشرىپ قىلسىڭىز، كۆڭلىمىزنى خۇش قىلساق» دەپتۇ.
پىرئەن كەركىن مىلاتنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، لەشكەر-
لىرىگە: «مۇشۇ جايدا تۇرۇپ تۇرۇڭلار» دەپ تاپىلاپ قويۇپ، كەر-
كىن مىلات بىلەن شەھەرگە كىرىپتۇ. كەركىن مىلات پىرئەنگە
كاتتا زىياپەتلەر قىلىپ كۆڭلىنى ئاپتۇ. بىر كۈنى كەركىن
مىلات پىرئەنگە ھاراق - شارابنى كۆپ ئىچكۈزۈپ شىركەيپ قىد-
لىپ قويۇپتۇ ۋە پىرئەنگە:

— ئەي پالۋان يىگىت، كۈسەن شاھىنىڭ بىر قىزى بار،
ساھىبجاماللىقتا يېگانە، ئۇنداق نازىنىن قىز دۇنياغا بىر كېلد-

دۇ، ئۇنىڭ ئىسمى مەلىكە مەنشىرە بانۇ، ئۆزلىرىدەك پالۋانغا
لايىق ئىدى، لېكىن ئۇنى كۆرمەكمۇ تەس. ھازىر مەلىكىنىڭ
چارباغقا سەيلىگە چىققان كۈنلىرىدۇر، — دەپتۇ. كەركىن مىلات
مەلىكە مەنشىرە بانۇنىڭ ياخشى تەرىپلىرىنى قىلىپ ماختاپ
ئۇچۇرۇپتۇ. پىرئەن شىركەيپ بولغاچقا، مەلىكىنىڭ ياخشى تە-
رىپىنى ئاڭلاپ يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىپتۇ-دە، كەركىن مىلاتقا:

— بۇ قىزنى بىر كۆرەي، — دەپتۇ. كەركىن مىلات:

— بوپتۇ، بارساق بارىلى، ئەمما ئۇ يەرگە بېرىشقا ئىك-
كى يول بار، بىر يول ئون سەككىز كۈنلۈك، يەنە بىر يول
يەتتە كېچە-كۈندۈزلۈك، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەركىن
مىلات بىلەن پىرئەن بىرگە كەلگەن لەشكەرلىرىگە ئېيتمايلا
يولغا چىقىپتۇ. يەتتە كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ كۈسەنگە يېتىپ
كەپتۇ. پىرئەن بىلەن كەركىن مىلات مىڭئۆينىڭ غەربىدىكى
چارباغقا كەپتۇ. ئىككىسى باغنىڭ سىرتىغا ئاتلىرىنى جايلاش-
تۇرۇپ قويۇپ باغ ئىچىگە كىرىپ تۇرغان مەزگىلدە، داقا-
دۇمباقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەركىن مىلات:

— ئەي پىرئەن، دەرھال ئۆزىمىزنى دالدىغا ئالايلى، مە-
لىكە كەلگەن ئوخشايدۇ، — دەپ كۆلنىڭ بويىدىكى ئالما دە-
رىخىنىڭ شېخىغا چىقىۋاپتۇ. پىرئەن ئالما ئۈستىدە شاخقا
يۆلىنىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. كەركىن مىلات پۇرسەتنى غەنىيمەت
بىلىپ، ئالما دەرىخىدىن چۈشۈپ ئېتىنى مىنىپ، پىرئەننىڭ
ئېتىنى يېتىلەپ ئۆز يۇرتىغا قاراپ يول ئاپتۇ. پىرئەن ئال-
مىنىڭ شېخىدا قاپتۇ.

كۈسەن شاھىنىڭ مەلىكىسى مەنشىرە بانۇ باغدىكى
راۋاقتا قىرىق كېنىزىكى بىلەن جايلىشىپ بولۇپ، كېنىزد-
كىنى سۇغا بۇيرۇپتۇ. ئۇ كېنىزەك كۆلگە قارىسا، كۆلنىڭ ئى-
چىدە كېلىشكەن بىر يىگىت تۇرغۇدەك. مۇنداق يىگىتنى ئەسلا

كۆرمىگەن بۇ كېنىزەك دەرھال راۋاقتا چىقىپ ئەھۋالنى مەلىكە مەنشىرە بانۇغا ئېيتىپتۇ. مەلىكە مەنشىرە بانۇ كېنىزىكى بىلەن بېرىپ قارىسا، راستتىنلا بىر يىگىت كۆلنىڭ ئىچىدە تۇرغۇدەك. بۇنداق بەرنا يىگىتنى ئەسلا كۆرمىگەن مەلىكە كېنىزەكلەرگە يىگىتنى كۆلدىن ئاچىقىشقا ئەمر قىپتۇ. كېنىزەكلەر كۆلگە سەكرىشىپ چۇشۇپ ئاختۇرۇپتۇ، تاپالماپتۇ، يەنە ئاختۇرۇپتۇ، يەنە تاپالماپتۇ. كېنىزەكلەر سەپسېلىپ قارىسا، سۇ لېپىسا، يىگىت يوقىلىپ كەتكۇدەك، سۇ سۇزۇلسە، پەيدا بولغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن كېنىزەكلەر شۇنداق ئۇستۇن قارىغانىكەن، ئالما شېخىدا ھېلىقى يىگىت ئۇخلاۋاتقۇدەك. مەلىكە مەنشىرە بانۇ دەرەخ تۇۋىگە كېلىپ ئالمىنى ئىرغىتىپتۇ ۋە:



— ئەي يىگىت، ئادەممۇسەن؟ كىمنىڭ نەسلى زاتىدىسەن؟ كۆزۈڭنى ئاچقىن! — دەپتۇ. پىرئەن كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئالدىدا بىر ساھىبجامال مەلىكە تۇرۇپتۇ. مەلىكە:

— ئەي يى-

گىت، نەدىن كەلدىڭ؟ بۇ چارباغدا نېمە قىلىسەن؟ — دەپتۇ. پىرئەن:

— مەن ئىران شاھى خۇسرەۋنىڭ ۋەزىرى كەيسۇ سالارنىڭ ئوغلى، رۇستەمنىڭ نەۋرىسى پىرئەن بولىمەن. يەتتە يىل بولدى، كۇسەن شاھىنىڭ مەلىكىسى مەنشىرە بانۇنى چۈشۈمدە كۆرۈپ ئاشىق بولغانىدىم، مەلىكىنىڭ پىراقىدا يۈرىكىم كاۋاپ ئىدى، بۈگۈنمۇ سىزنىڭ پىراقىڭىزدا يىغلاپ ئۇخلاپ قالغانىدىم، ھازىر قارىسام، چۈشۈمدە سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تۇرۇپتىمەن، مۇبارەك جامالىڭىزنى كۆردۈم، ئالالنىڭ رەھمى كېلىپ مېنى بۇ جايغا كەلتۇرۇپ قويغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ. مەلىكە مەنشىرە بانۇ:

— ئۇنداق بولسا، يەتتە يىلدىن بېرى چۈشۈڭدە ئاشىق بولغان، پىراقىمدا يىغلىغان مېھرىبانىڭ مەن بولۇرمەن. ئەي پىرئەن، دەرەختىن چۈشكىن، مېنىڭ ئالەمدە يېگانە باغلىرىمنى تاماشا قىلىپ، پىراق ئوتىدا ئۆرتەنگەن يۈرەك - باغرىڭنى تەسكىن تاپتۇرغايسەن، — دەپتۇ.

مەلىكە مەنشىرە بانۇ پىرئەننىڭ بويۇنلىرىغا گىرە سېلىپ راۋاق ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپتۇ، ھەر كۈنى تۈرلۈك تائاملار بىلەن مېھمان قىپتۇ. پىرئەن بىلەن مەلىكە ئارمانلىرىغا يېتىپتۇ. نەغمىچىلەر، ھاپىزلار ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچپتۇ. پىرئەن بىلەن مەلىكە ئىرمالىشىپ - چىرمالىشىپ، كېچە بولغاننى بىلمەي باغلارنى تاماشا قىلىشىپتۇ. پىرئەن بىلەن مەلىكە مەنشىرە بانۇنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىرى قىرىق كۈنگە ئۇلىشىپتۇ. پىرئەن مەلىكىگە:

— ئەي جېنىمنىڭ جانانىسى، يۈرىكىمنىڭ پارىسى، بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى ئاتا - ئانام ئۇقمايدۇ. ئاتا - ئانام مېنىڭ دەردى پىراقىمدا يىغلاپ يۈرەك - باغرى پارە - پارە بولغان

دۇ. ئەتە قايتىپ كېتىپ يەنە كەلسەم. قىرىق يىل تۇرساممۇ، مۇبارەك جامالىڭىزغا ئەسلا قانمىغايمەن، شۇنداقتىمۇ ئاتا-ئانامنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلمىسام بولماس، — دەپتۇ.

مەلىكە مەنشىرە بانۇ خاس كېنىزەكلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ:

— پىرئەن ئەتە كېتىمەن، دەيدۇ، پىرئەندىن بىردەم ئايرىلسام، چىدىيالمىغۇدەكمەن، شۇڭا پىرئەننى تۇتۇپ قېلىشنىڭ بىر چارىسىنى قىلايلى، — دەپتۇ. كېنىزەكلەر مەسلىھەتلىشىپ، مەلىكىگە:

— ئەي مەلىكە جاھان، بۇگۈن پىرئەننى مېھمان قىلىپ، يېگەن كاۋاپ، ئىچكەن شارابلىرىغا دورا بىھوش قوشۇپ بېرەيلى، پىرئەن بىھوش بولۇپ يىقىلغاندا، ئۇنى بۇگۈن كېچىدىلا كۆسەنگە ئەكېتەيلى، باغدىكى راۋاقتا ئورۇنلاشتۇرايلى. شۇ چاغدا پىرئەن ھېچ يەرگە بېرىشقا ئامالسىز قالار، — دەپتۇ.

بۇ سۆز مەلىكە مەنشىرە بانۇغا يېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پىرئەننىڭ يېگەن كاۋاپ، ئىچكەن شارابلىرىغا دورا بىھوش قوشۇپتۇ. پىرئەن كاۋاپنى يەپ، شارابنى ئىچىپ بىر پەستە بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. مەلىكە مەنشىرە بانۇ ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرى پىرئەننى ھارۋىغا سېلىپ كۆسەن شەھىرىگە ئېلىپ كەپتۇ، پىرئەننى راۋاقتا ئورۇنلاشتۇرۇپ، راۋاقتا چىقىدىغان شوتىلارنى كېسىپ تاشلاپتۇ. پىرئەن بىر چۈشكۆرۈپ ھوشىغا كېلىپ قارىسا، بىر راۋاق ئۈستىدە مەلىكە مەنشىرە بانۇنىڭ يېنىدا ياتقۇدەك، ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، ئالدىدا شۇنداق كاتتا بىر شەھەر تۇرغۇدەك. بۇ شەھەرنىڭ ئاۋاتلىقىغا پىرئەننىڭ ئەقلى لال بولۇپ، مەلىكىدىن بۇ جاينى سورىغانىكەن، مەلىكە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— سىز كەتسىڭىز چىدىمايمەن، دەپ كۆسەن شەھىرىگە

ئەكىلىپ ئۆز راۋىقىمغا ئاچىقىۋالدىم. مەندىن رۇخسەتسىز ھېچقانداق ئادەم بۇ راۋاققا قەدەم باسمايدۇ. راۋاق ئۈستىدە ئەيش - ئىشرەت بىلەن كۈنىمىز ئۆتسۇن.

ئۇلارنىڭ كۈنى كۈندۈزى راۋاق ئۈستىدە ئۇخلاپ، كېچىسى ئەيش - ئىشرەت بىلەن ئۆتۈپتۇ.

ئەمدى سۆزنى كەركىن مىللاتتىن ئاڭلايلى:

كەركىن مىللات بىر ئاتنى يېتىلەپ، بىر ئاتنى مىنىپ، سەرساندەك ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماي، يېمەك - ئىچمەكنى ئات ئۈستىدە يەپ سەنبىزارى ھەرەمگە يېتىپ كەپتۇ. پىرئەننىڭ لەشكەرلىرى بىرنەچچە كۈن پىرئەندىن دېرەك ئالالماي، ئەھۋالنى بىلىش ئۈچۈن كەركىن مىللاتنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— پىرئەن قەيەردە؟ بىز پىرئەن بىلەن كۆرۈشمىز، — دەپتۇ. كەركىن مىللات:

— بىز ئىككىمىز ئوۋغا چىققانىدۇق، ئالدىمىزدىن ئىككى توشقان چىقتى، مەن بىر توشقانغا قارچىغا سالدىم، پىرئەن يەنە بىر توشقانغا قارچىغا سېلىپ ئات چېپىپ كەتتى. مېنىڭ قارچىغام بىر توشقاننى ئالدى، توشقاننى بوغۇزلاپ، قارچىغىنى بىلىكىمگە قوندۇرۇپ پىرئەننى ئىزدەپ بارسام، پىرئەننىڭ ئېتىنىڭ ئېگىرى ئاتنىڭ قارنىدا تۇرۇپتۇ، پىرئەن يوق، بىرنەچچە كۈن ئىزدەپ تاپالماي قايتىپ كەلدىم، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پىرئەننىڭ لەشكەرلىرى:

— سەن پىرئەننى قەستلەپسەن ! — دەپ كەركىن مىللاتنى باغلاپ خۇسرەۋنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ.

پىرئەننىڭ ئاتىسى كەيسۇ سالار، ئانىسى كەرشەش بانۇ پىرئەننى سېغىنىپ كۆپ يىغلاپ يولغا چىقىپ قاراپ تۇرغىنىكەن، يىراقتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپتۇ، پىرئەن باشلاپ كەتكەن ئون ئىككى مىڭ لەشكەر كۆرۈنۈپتۇ. لەشكەرلەر

ئۇلارغا يېقىن كەپتۇ، قارىسا، بىر ئادەمنىڭ قولى باغلانغان، لەشكەرلەر قارىلىق كىيىم كىيگەنىكەن. كەرشەش بانۇ ئۇلار-دىن نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى سوراپتۇ.

— پىرئەن بارغان كۈنى توڭگۇزلارنى ئۆلتۈرگەنىدى. بۇ كەركىن مىلات پىرئەننى چايغا تەكلىپ قىلىپ شەھەرگە ئە-كىرىپ كەتكەنىدى، پىرئەن شەھەردىن چىقمىدى. پىرئەننى سۈرۈشتۈرۈپ سورىساق، كەركىن مىلات: «ئوۋغا چىققاندا پىر-ئەن قارچىغىسىنى توشقانغا سالغان، ئارقىدىن بارسام، ئېگەر ئاتنىڭ قارنىدا تۇرۇپتۇ، ئۆزى يوق، تاپالمىدىم» دەيدۇ. بۇنى باغلاپ ئەكەلدۇق، — دەپتۇ لەشكەرلەردىن بىرى. كەيسۇ سالار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ زىرىزىبەر بولۇپ:



— ئەي كەركىن، توخۇگوزلارنى كىم ئۆلتۈردى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— توخۇگوزلارنى مەن ئۆلتۈردۇم، پىرئەنىڭ كۆچى يەتمىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كەركىن مىلات.

كەيسۇ سالار كەركىن مىلاتنى خۇسرەۋ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. شاھ خۇسرەۋ:

— ئەي كەركىن مىلات، توخۇگوزلارنى كىم ئۆلتۈردى؟ — دەپ سوراپتۇ. كەركىن مىلات:

— توخۇگوزلارنى مەن ئۆلتۈردۇم، — دەپتۇ.

— توخۇگوزلارنى سەن ئۆلتۈرگەن بولساڭ، ئۇنىڭ چىشىنى چىقار، — دەپتۇ شاھ خۇسرەۋ.

كەركىن مىلات پىرئەنىڭ قاپچۇقىنى قولىغا ئېلىپ شۇنچە قىلىپمۇ ئاغزىنى ئاچالماپتۇ. ئەسلىدە قاپچۇقنىڭ ئاغزىغا پىرئەن شەيتان قۇلۇپنى سېلىپ قويغانىكەن، بۇ قۇلۇپنى ئاتىسى كەيسۇ سالار بىلەن پىرئەندىن ئۆزگە كىشى ئاچالمايدىكەن. كەركىن مىلات قۇلۇپنى ئاچالماي لەت بوپتۇ.

شاھ خۇسرەۋ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتمەك ئۈچۈن، كەركىن مىلاتنى ئۆلتۈرمەي زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ.

— ئەي كەيسۇ، يۇرتىمىزگە سەۋرنىڭ سۈيى بىلەن تەسكىن بەرگەيسىز، پىرئەننى تاپقايمىز، سەۋر قىلىڭ، — دەپ شاھ خۇسرەۋ كەيسۇ سالارغا تەسەللى بېرىپتۇ.

ئەمدى گەپنى پىرئەندىن ئىشىتكەيسىز:

پىرئەن كۆسەن شەھىرىدە كۆندۈزى ئۇخلاپ، كېچىسى مەلىكە مەنشىرە بانۇ بىلەن ئەيش - ئىشرەتتە كۈنىنى ئۆتكۈزمەكتە ئىكەن. بىر كۈنى مەلىكە ئاشپەزنى كاۋاپنى خام پىشۇرۇپسەن، دەپ قىرىق قامچا ئۇرۇپتۇ. بۇ ئاشپەز قازان - قومۇچلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ كوچىغا چىقىپتۇ، تاپاق ئار كەپ-

تۇ - دە، ئوردا ئالدىغا كېلىپ، ياساۋۇللارغا:
— ئەي ياساۋۇللار، ۋەزىر ھومانى چاقىرىپ قويساڭلار، زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى، — دەپتۇ.
ياساۋۇللار بۇ ئاشپەزنى تونۇيدىكەن، دەرھال كىرىپ ۋەزىر ھوماغا خەۋەر قىپتۇ. ۋەزىر چىقىپ ئاشپەز بىلەن مەخپىي سۆزلىشىپتۇ. «شاھ مەلىكىسى رۇستەمنىڭ نەۋرىسى پىرئەن بىلەن راۋاق ئۈستىدە ئەيش - ئىشرەتتە بولۇۋاتقىلى ئالتە ئاي بولدى» دەپ، ئاشپەز ھەممە ئەھۋالنى ۋەزىرگە ئاشكارىلاپتۇ. ۋەزىر كۇسەن شاھى ھۇزۇرىغا كىرىپ تەھىيەتكە باش قويۇپ:
— ئى شاھىم، بىر خەۋەر بار، ئېيتاي دېسەم، ئۆزلىرىدىن نومۇس قىلىمەن، ئېيتماي دېسەم، بېشىمدىن قورقىمەن، — دەپتۇ. كۇسەن شاھى:
— ھەر ئىش بولسا، ئېيتىڭ، — دەپتۇ.
— ئى شاھىم، مەلىكە مەنشىرە بانۇ رۇستەمنىڭ نەۋرىسى پىرئەننى راۋاق ئۈستىدە خۇپىيانە ساقلاۋاتقىلى ئالتە ئاي بوپتۇ. قانداق پەرمانلىرى باردۇ؟ — دەپتۇ ۋەزىر ھوما.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كۇسەن شاھىنىڭ غەزىپى تېشىپ، بەدەنلىرىدىكى تۈكلىرى كىيىملىرىدىن تېشىپ چىقىپتۇ ۋە:
— پالۋانلار دەرھال تۇتۇپ چىقسۇن ئۇ نائەھلىنى! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.
— بۇ ئىشقا ئالدىراقسانلىق قىلساق بولماس، — دەپ سۆز باشلاپتۇ كۇسەن شاھىنىڭ ۋەزىرى، — پىرئەن ئىراندا رۇستەمدىن قالسا، بىسيار پالۋاندۇر. بۇ ئىشقا شاھزادە گەرسوزنى بۇيرۇيلى، ئۇ راۋاق ئۈستىگە چىقسا، ھېچكىم تۇسۇيالمايدۇ. پىرئەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەن بولۇپ، بېلىدىن مەھكەم تۇتۇپ قويۇپ بەرمەي تۇرسا، ئارقىدىن

پالۋانلار چىقىپ پىرئەننى زەنجىرلىسە.

كۇسەن شاھى ۋەزىر ھومانىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق كۆرۈپ، گەرسوزنى چاقىرىپ ئەھۋالنى ئوچۇق ئۇقتۇرۇپ، پىرئەننى تۇتۇش ئۇچۇن راۋاققا بۇيرۇپتۇ.

گەرسوز راۋاق ئۇستىگە چىقىپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكە بىلەن پىرئەن بىر - بىرىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىشىپ يېتىشقانىكەن. مەلىكە ئاكىسى گەرسوزنىڭ راۋاققا چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ پىرئەننىڭ قۇچىقىدىن چىقىپتۇ. مەلىكە:

— بۇ مېنىڭ ئاكام گەرسوزدۇر، — دەپ پىرئەنگە ئاكىسىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. پىرئەن:

— مەن بىلمەيتىمەن، — دەپ گەرسوز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ قۇچاقلاشقاندا، گەرسوز پىرئەننىڭ بېلىنى مەھكەم سىقىۋاپتۇ. پىرئەن شۇ چاغدا گەرسوزنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشقا كەلگەنلىكىنى بىلىپ، گەرسوزنىڭ بېلىنى قاتتىق سىقىپ، ھەر تەرەپتىن ئىككى تالدىن تۆت تال قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرۇپ ئىچىگە پۇكۇۋەتسىمۇ، گەرسوز پىرئەننى قويۇپ بەرمەپتۇ. شۇ ھالەتتە پالۋانلار كېلىپ پىرئەننى يىقىتىپ زەنجىرى خىزلام بىلەن باغلاپ، كۇسەن شاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ.

— ئەي پىرئەن، — دەپتۇ كۇسەن شاھى، — سەن ئوتتۇز ئالتە ئەلنىڭ شىرلىرىدىن قورقماي شەھىرى كۇسەنگە قەدەم قويۇشقا قانداق پېتىندىڭ؟!

— ئى كۇسەن شاھى، سەن مېنى ھىيلە بىلەن تۇتتۇڭ، ئەر بولساڭ، مېنى قويۇپ بېرىپ ئاندىن باغلا، ھازىرمۇ ئۆزۈمنى زامان شىرى چاغلايمەن، — دەپتۇ پىرئەن.

كۇسەن شاھى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزەپ ئاتەشلىرى چۇمبۇشقا كېلىپ: «جاللات!!!» دەپ چاقىرىپتۇ. شۇ زامان

جاللاتلار:

— ئى شاھىم، كىمنىڭ ئەجەل مۆھلىتى توشتى؟ — دەپ تەخ بولۇپ تۇرۇپتۇ.

— بۇ بىئەدەپنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ كۇسەن شاھى.

جاللاتلار پىرئەننى ئۆلتۈرگىلى ئېلىپ مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىر ھوما كىرىپ كەپتۇ. ۋەزىر ھوما جاللاتلارغا، پىرئەننى مۇشۇ جايدىن مىدىرلاتماي تۇتۇپ تۇرۇڭلار، مەن شاھ ھۇزۇرىغا كىرىپلا چىققايمەن، دەپ پىرئەننى توختىتىپ قويۇپ كۇسەن شاھىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— ئى شاھىم، پىرئەننى ئۆلتۈرسەك، بۇ خەۋەرنى رۇستەم ئاڭلىسا، لەشكەر باشلاپ كېلىدۇ، بىزدىن پىرئەننىڭ قان قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن قاتتىق ئۇرۇشىدۇ. مۇبادا ئۇرۇشتا ئۇلار ئۈستۈن چىقىپ قالسا، بىزنىڭ بالا - چاقىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرىدۇ. مېنىڭچە، پىرئەننى زىندانغا سالساق، بىر يىلدىن كېيىن ئۆلتۈرسەك، — دەپ شاھقا مەسلىھەت سايپتۇ.

كۇسەن شاھى ھومانىڭ مەسلىھىتىنى توغرا كۆرۈپ، پىرئەننى زەنجىرى خىزلامدا باغلاقلىق پېتىچە زىندانغا تاشلاپتۇ. پىرئەننىڭ ئېگىزلىكىدىن بېشى زىنداننىڭ ئۈستىگە چىقىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن زىنداننىڭ ئەتراپىنى تورلاپ، زىنداننىڭ ئاغزىغا ناھايىتى چوڭ قورام تاشنى باستۇرۇپتۇ. كۇسەن شاھى قىزى مەنشىرە بانۇنى، ياۋنى قوينۇڭدا ساقلاپسەن، دەپ ئىككى كۆزىگە زەھەر قۇيۇپ كور قىلىپ ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. مەلىكە مەنشىرە بانۇ كۇسەن شەھىرىدە تىلەمچىلىك قىلىپ تاپقان نەرسىسىدە پىرئەننى بېقىپتۇ، كېچىلىرى زىندان ئۈستىنى سىلىنچا، ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ

يېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر يېرىم يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

پىرئەننىڭ ئاتىسى كەيسۇ سالار، ئانىسى كەرشەش بانۇ پىرئەننى سېغىنىپ، قولىغا ھاسا ئېلىپ ئوغلىنىڭ دەردىدە نالە قىلىشىپتۇ، شاھ خۇسرەۋنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. شاھ خۇسرەۋ: «جاھان ئەينىكىگە قاراپ پىرئەننىڭ بار يېرىنى ئەتە سىلەرگە مەلۇم قىلغايمەن» دەپتۇ. شۇ كېچە شاھ خۇسرەۋ جاھان ئەينىكىدىن ھەربىر ئىقلىم، ھەربىر مەملىكەتلەرگە قاراپتۇ، ئاخىر كۇسەن شاھىنىڭ مەملىكەتلىرىگە قاراپتۇ، پىرئەننىڭ كۇسەن شاھىنىڭ زىندانىدا ياتقانلىقىنى، ئۇنىڭ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، خۇسرەۋ شاھ كەيسۇ سالارنى چاقىرتىپ پىرئەننىڭ ئەھۋالىنى دەپ بېرىپتۇ. كەيسۇ سالار زال ۋە رۇستەم بىلەن كۆرۈشۈپ پىرئەننىڭ ئەھۋالىنى بايان قىپتۇ. رۇستەمنىڭ قەھر - غەزىپى ئېشىپ، ئون ئىككى مىڭ پالۋانغا كۇسەنگە يۈرۈش قىلىشقا پەرمان قىپتۇ. رۇستەمنىڭ ئاتىسى زال:

— ئەي بالام رۇستەم، سەن كۇسەنگە مۇشۇنداق بارساڭ، كۇسەن شاھى ساڭا قارىتىپ تۇرۇپ پىرئەننى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. سەن سودىگەر سىياقىدا بېرىپ، ھىيلە بىلەن پىرئەننى قۇتقۇزغايسەن، — دەپتۇ.

رۇستەم ئاتىسى زالنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئوتتۇز ئۈچ مىڭ ئادەم تەييارلاپ، مال - ماتا ئېلىپ، ئىسمىنى «خوجا خونرىز سودىگەر»گە ئۆزگەرتىپ، ئىككى ئاي يول يۈرۈپ كۇسەن شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. كاتتا بىر سودىگەرنىڭ ھەددى - ھېسابسىز مال بىلەن شەھەر قوۋۇقىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۇسەن شاھى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. شاھنىڭ ياساۋۇللىرى خوجا خونرىز بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. خوجا

خونرىز، كۇسەن شاھى شەھىرىگە كىرىپ مال سېتىشىمغا ئىجازەت بەرسە، دەپتۇ. بۇ خەۋەرنى ياساۋۇللار كۇسەن شاھىغا مەلۇم قىپتۇ. كۇسەن شاھى، شەھەرنىڭ ئوبدانلىقى سودىگەر بىلەن بولىدۇ، شەھەرگە كىرسۇن، دەپ، سودىگەرلەرنىڭ شەھەرگە كىرىشىگە ئىجازەت بېرىپتۇ.

رۇستەم شەھەرگە كىرىپ ئورۇنلىشىپ بولۇپ، كۇسەن شاھى بىلەن كۆرۈشمەكچى بوپتۇ. ئۇ كۈنى كۇسەن شاھى مىڭئۆي ۋادىسىدا سەيلە قىلىۋاتقانىكەن. سودىگەر سىياقىدىكى رۇستەم سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ مىڭئۆيگە كەپتۇ. كۇسەن شاھى رۇستەمنى قوبۇل قىپتۇ ۋە رۇستەم ئۇچۇن كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. كۇسەن شاھى شاراب ئىچىپ مەست بولۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا كۇسەن شاھىنىڭ دەرياغا قاراپ ئولتۇرۇش ئۇچۇن ئورناتقان تۆمۈر تۇۋرۇكى ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. كۇسەن شاھى دەرياغا بېشىچە چۈشۈپ كېتەي دېگەندە، رۇستەم كۇسەن شاھىنىڭ پۇتىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ بىر تەرەپكە ئېلىپ قويۇپ، خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. كۇسەن شاھى ئەتىسى مەستلىكتىن يېشىلىپ، مېنى زالىنىڭ ئوغلى رۇستەمدىن باشقا ئادەم يەردىن ئۈزەلمەيتتى، سودىگەر مېنى كۆتۈرۈپ بۇ تەرەپكە ئېلىپ قويدى. بۇ سودىگەر ئەسلى زالىنىڭ ئوغلى رۇستەممۇ، قانداق، دېگەنلەر كۆڭلىدىن كېچىپ، ۋەزىرى ھوماغا:

— ئەي ھوما، تۈنۈگۈن خوجا خونرىز دېگەن سودىگەر مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتىكەن. تۆت يۈز يىلدىن بېرى مىدىرلىمىغان تۇۋرۇك ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى، دەرياغا بېشىمچە چۈشۈپ كېتەي دېگەندە، خوجا خونرىز دېگەن سودىگەر پۇتۇمدىن تۇتۇپ تارتىپ بىر تەرەپكە ئېلىپ قويدى. بۇ سودىگەردە بىر گەپ بار، — دەپ، ۋەزىر ھومانى ئەھۋالنى بىلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر ھوما ئەتىسى ئوردىدىن چى-

قىپ خوجا خونرىزنىڭ چوشكەن سارىيىغا بارسا، خوجا خونرىز بىر ئوغلاقنى قان قىلىپ ئولتۇرغانىكەن. ھوما ۋەزىر سىنچىلاپ قارىغان بولسىمۇ، رۇستەمنى تونۇيالماپتۇ، چۈنكى رۇستەم ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى چۈشۈرۈپ، يۈزىنى قارا رەڭدە بويىۋالغانىكەن.

— ئەي ۋەزىرئەزەم، ئەتە دۇكان ئېچىشقا رۇخسەت قىلسائىلار، دۇكان ئېچىپ مال ساتسام، — دەپتۇ رۇستەم. ۋەزىر ئۇنىڭ مال سېتىشىغا رۇخسەت قىپتۇ.

ئەتىسى رۇستەم دۇكان ئېچىپ مال سېتىشقا باشلاپتۇ. رۇستەم دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ تىلىگەنلەرگە بىر ئوچۇمدىن تىللا بېرىپتۇ. بىر سائىل مەلىكە مەنشىرە بانۇغا:

— ئەي مەلىكە، ئىراندىن بىر سودىگەر كەپتۇ، تىلەپ كەلگەن سائىللارغا بىر ئوچۇمدىن تىللا بېرىدىكەن، — دەپتۇ. مەلىكە:

— سەن مېنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويساڭ، — دەپتۇ.

سائىل مەلىكىنى رۇستەم ئاچقان دۇكاننىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. مەلىكە دۇكان ئالدىدا تۇرۇپ تىلەپتۇ، رۇستەم قارىسا، مەلىكە سۈپەت بىر قىز تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن رۇستەم خىزمەتكارلىرىغا، بۇ قىزنى مېنىڭ خاس ئۆيۈمگە ئېلىپ كىرىڭلار، دەپتۇ. خىزمەتكارلار مەلىكە مەنشىرە بانۇنى رۇستەمنىڭ خاس ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇپتۇ. رۇستەم مەلىكە مەنشىرە بانۇنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— سىز شۇنچە ياش تۇرۇپ، قانداق قىلىپ ئىككى كۆزىڭىز كور بولۇپ قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپتۇ ۋە:

— ئەي سودىگەر، سىز نەدىن بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئىراننىڭ سەستان دېگەن يېرىدىن بولىمەن، —

دەپتۇ رۇستەم.

— رۇستەمنى بىلەمسىز؟ — دەپتۇ مەلىكە.

— رۇستەم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئۆيى يېقىن، كۈندە بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشىمىز، — دەپتۇ رۇستەم. مەلىكە:

— ئەي سودىگەر، ئىراندىكى رۇستەمگە يەتكۈزۈپ قويىدىغان بىر ئېغىز سۆزۈم بار ئىدى. سىز قايسى دىن، قايسى مەزھەپتىن بولۇڭ، ئۆزىڭىزنىڭ دىنى ئۈستىدە قەسەم قىلىڭىز، بۇ سۆزۈمنى دەيمەن، — دەپتۇ. رۇستەم:

— سۆزىڭىز بولسا ئېيتىڭ، مەن رۇستەمگە يەتكۈزگەيمەن، — دەپ قەسەم قىپتۇ.

— ئەي سودىگەر، رۇستەمنىڭ نەۋرىسى پىرئەن كۈسەنگە كەلگەنىكەن، بىز ئىككىمىز تېپىشىپ قالدۇق. پىرئەننى يېنىمدا ئالتە ئاي ساقلىدىم. دۈشمەنلەر شاھ ئاتامغا مەلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن پىرئەننى زىندانغا تاشلىدى، مېنىڭ ئىككى كۆزۈمنى كور قىلىپ ئوردىدىن قوغلاپ چىقاردى. بىر يېرىم يىل بولدى، پىرئەننى نان تىلەپ بېقىۋاتىمەن. هازىر پىرئەن بىر تېرە، بىر ئۈستىخان بولۇپ قالدى. ئەي سودىگەر، سىز بېرىپ رۇستەمگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ، قىرىق كۈن ئىچىدە پىرئەننى قۇتۇلدۇرۇۋالمىسا، دىدار قىيامەتكە باقىي قالىدۇ، — دەپ، مەلىكە بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

رۇستەم كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ، مەلىكىگە:

— ئەي قىزىم، سىز دېگەن رۇستەم مەن بولىمەن، پىرئەننى قۇتقۇزۇپ، ئىككىڭلارنى ئەكېتىشكە كەلدىم. ئەي بالىلىرىم، ئەمدى غەملىك كۈنۈڭلار شادلىققا ئايلىنىدۇ. سىلەرنى ئىرانغا ئەكېتىمەن. ياخشى تاماق يەپ تويۇنۇڭ، ئاندىن كېيىن ئىش باشلىغايمىز، — دەپتۇ.

مەلىكە:

— پەرىئەن ئاچ تۇرسا، مېنىڭ گېلىمدىن تاماق ئۆتمەي-
دۇ. ئالدى بىلەن پەرىئەنگە تاماق ئاپىرىپ بېرەي، بىر يېرىم
يىلدىن بېرى تويغۇچە تاماق يېمىدى، — دەپتۇ.

رۇستەم دەرھال بىر غازنىڭ كاۋىپىنى تەييارلاپ، ئىچىگە
ئۆزىنىڭ ئۈزۈكىنى تىقىپ قويۇپتۇ. ئىسسىق ناندىن ئوننى
داستىخانغا يۆگەپ، مەلىكىنىڭ ئىككى يانچۇقىغا تىللا قويۇپ
توشقۇزۇپ:

— ئەي قىزىم، كوچىدىن ئىككى ئېشەك ئوتۇن ئېلىپ
زىندان بويىغا ئوت قالاپ ئولتۇرغايسىز، بىز يېرىم كېچىدىن
كېيىن ئوت شولىسىدىن زىنداننى تېپىپ پەرىئەننى قۇتقۇز-
غايمىز، — دەپ، كاۋاپ، نانلارنى خىزمەتچىلىرىگە كۆتۈرگۈزۈپ مە-
لىكىنىڭ ئارقى-
سىغا ساپتۇ.



مەلىكە بىر تىللاغا ئىككى ئېشەك ئوتۇن ئېلىپ زىندا-
نىڭ قېشىغا ئا-
پىرىپتۇ. مەلىكە كاۋاپ، ئىسسىق نانلارنى زىندانغا تاشلاپتۇ. پەرىئەن
نان بىلەن كاۋاپ-
نىڭ ھىدىنى ئې-

لىپ، مەلىكىگە:

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سەن ماڭا قاتتىق نان ئەكېلەتتىڭ، بۈگۈن بۇ كاۋاپ، نانلارنى نومۇسۇڭنى سېتىپ تاپتىڭمۇ؟ — دەپ زار - زار قاقشاپتۇ.

مەلىكە پىرئەنگە بولغان ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. پىرئەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، قول - پۇتلىرىدىكى زەنجىرلەرنى پارە - پارە قىپتۇ. غاز كاۋىپىنى قولىغا ئېلىپ قارىسا، دادىسىنىڭ «رۇستەم ئىبنى زال» دېگەن ئۈزۈكى تۇرۇپتۇ، بۇنى كۆرۈپ پىرئەننىڭ زىنداندىن قۇتۇلۇشقا تاقىتى تاق بوپتۇ. كۈن ئول-تۇرۇپ جاھان قارا لىباسىنى كىيگەندىن كېيىن، رۇستەم ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى مەلىكە ياققان گۈلخاننىڭ شولىسىنى كۆرۈپ زىنداننىڭ قېشىغا يېتىپ كەپتۇ. رۇستەم بىللە كەلگەن ئا-دەملىرىگە:

— مەن يول توسۇپ تۇراي، سىلەر زىنداننىڭ ئاغزىدىكى تاشنى ئېلىپ پىرئەننى زىنداندىن چىقىرىڭلار. مۇبادا كۇسەن شاھى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بولسا، ئارقىمىزدىن كېلىپ بىزنى نابۇت قىلىدۇ، كۇسەن شاھىغا مەندىن باشقا ئادەم باراۋەر تۇرالماس، شۇڭا سىلەر بۇ ئىشنى تېز بەجا قىلىڭلار، — دەپتۇ.

ئوتتۇز ئۈچ مىڭ ئادەم كۈچەپمۇ زىندان ئاغزىدىكى تاش-نى مىدىرلىتالماپتۇ، ئاخىر رۇستەمگە مەلۇم قىپتۇ. رۇستەم ئات يۈگۈرتۈپ كېلىپ، پولات ئۆتۈك بىلەن تاشنى شۇنداق بىر تەپكەنىكەن، زىندان ئاغزىدىكى تاش ئىككى پارە بولۇپ، بىر پارچىسى دۆڭمەلىگە، يەنە بىر پارچىسى بىجاققا چۈشۈپ-تۇ. تاشلارنىڭ يەرگە چۈشكەن ئاۋازىدىن كۇسەن شاھى ئۇيقۇ-دىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ، چاپارمەن بۇيرۇپ، ئىشتىن خەۋەر تېپىپتۇ. رۇستەم پىرئەنگە:

— ئەي بالام پىرئەن، ئىرانغا بارساڭ، كەركىن مىلاتنى نېمە قىلۇرسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىرانغا بارسام، كەركىن مىلاتنى بىر قىلىچ بىلەن ئىككى پارە قىلۇرمەن، — دەپتۇ پىرئەن. رۇستەم:

— ئەي بالام، سەن زىنداندا قالغىن، مەن كېتىمەن، — دەپتۇ رۇستەم.

— نېمە ئۈچۈن مېنى تاشلاپ كېتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ پىرئەن.

— كەركىن مىلاتنى ئۆلتۈرىمەن دەيسەن، بالام، ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشى، يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشى، شۇڭا سېنى تاشلاپ كېتىمەن، — دەپتۇ رۇستەم. پىرئەن قىلغان سۆزگە پۇشايمان قىپتۇ ۋە كەركىن مىلاتنىڭ يۈزىگە سالماسلىققا ۋەدە قىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن رۇستەم پىرئەننى زىنداندىن تارتىۋېلىپ، پىرئەن بىلەن مەلىكىنى ئون ئىككى مىڭ ئادەم بىلەن دەرھال ئىرانغا يولغا ساپتۇ، ئۆزى ئارقىدا مېڭىپتۇ. كۇسەن شاھى بىھېساب لەشكەر بىلەن قوغلاپ كېلىپ، قىرىق كېچە-كۈندۈز جەڭ قىپتۇ. رۇستەم ئارقىغا چېكىنىپ، يانا-يانا ئاخىر شەھەر سىرتىغا چىقىپتۇ. رۇستەمنى كۇسەن شاھى يېڭىپ، ئۆلتۈرىدىغان چېغىدا، رۇستەمنىڭ ئوغلى ئىبىل غېيىپ رۇستەمنى قۇتۇلدۇرۇپ ئەپقېچىپ كېتىپتۇ. پىرئەن يەتتە يىل كۇھىقاپ ئەتراپىدا يۈرۈپ، شىپا بۇلىقىنىڭ كۆپۈكىنى ئاچىقىپ مەلىكىنىڭ كۆزىگە سۈۋاپتىكەن، مەلىكىنىڭ كۆزى ئېچىلىپ ئەسلىگە كەپتۇ. مەلىكە مەنشىرە بانۇ پىرئەن بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئېجىل-ئىناق بولۇپ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.

# تۇردىقارى بىلەن پادىشاھ

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. بۇ ئادەمنىڭ باللىرى ئۆلۈپ زادى توختىمايدىكەن، قىلمىغان ئامالى قالماپتۇ، شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ يەتتىنچى ئوغلى تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئېتىنى تۇردىقارى قويۇپتۇ.

تۇردىقارى ئاتىسىدىن بەك كىچىك يېتىم قاپتۇ. ئۇ ئاتىسى ۋاپات بولۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن يەتتە ياشقا كىرىپتۇ. بىر كۈنى ئانىسى:

— بالام، ئاتاڭ ۋاپات بولۇش ئالدىدا: «بالام كىچىك قالدى، مەن پانىيدىن باقىيغا رەھلەت قىلىدىغان ئوخشايمەن. ناۋادا ئۆلۈپ - تارتىپ قالسام، بۇ دۇنيادا مېنىڭدىن ساڭا قالىدىغان ئامانىتىم مۇشۇ بالا، ئۇنى ياخشى بېقىپ، كۆزۈڭنىڭ قارىچۇقىدەك ئاسرىغىن، ئوقۇتقىن» دېگەنىدى. يېشىڭ يەتتىگە يەتتى، ئاتاڭنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، سېنى موللىغا ئاپىرىپ تاپشۇراي، — دەپتۇ ۋە جۈمە كېچىسى بالىسىنى يۇيۇپ، پاكىز كىيىندۈرۈپ، بىر تاۋاق ئاش قىلىپ، موللىغا ئاپىرىپتۇ.

يىللار ئۆتۈپتۇ. تۇردىقارى موللىدا ئوقۇپ يۈرۈپ بەك ئەخلاقلىق، مېھىر - شەپقەتلىك بالا بوپتۇ. ئۇ زادىلا ھارامزادىلىكنى بىلمەيدىكەن، ئىلاج بولسا، كىشىلەرگە ياخشىلىق ئىزدەيدىكەن، قولۇم - قوشنا، يېتىم - يېسىر، تۇل

خوتۇنلارغا ياردەم قولىنى سۇندىكەن، ھەتتا جان ـ جا-
نىۋارلارغىمۇ ئازار بەرمەي، قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق
قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇردىقارىي مەكتەپكە كېچىكىپ قاپتۇ،
چايمۇ ئىچمەي بىر توقاچنى قويىنىغا تىقىپ، جىلتىسىنى كۆ-
تۈرۈپ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىر پاقىنى دەسسىۋاپتۇ. پاقا
«غۇق» قىلىشى بىلەن تۇردىقارىي توختاپ قاپتۇ ـ دە، ئانچە
ئويلانمايلا پاقىنى قويىنىغا سېلىپ مەكتەپكە كەپتۇ ۋە موللى-
سىنىڭ كىتاب ساندۇقىنىڭ بىر يېرىقىدىن پاقىنى سېلىۋې-
تىپ، ئۆزى ئوقۇشقا ئولتۇرۇپتۇ.

تۇردىقارىي ھەر كۈنى دەم ئېلىشتا ۋە دەرستىن قايتىش
ۋاقىتلىرىدا ئاپارغان نېنىنى چايناپ بېرىپ پاقىنى بېقىپتۇ.
بارا ـ بارا ئۇ ئۆيىدىن بىر توقاچ ئورنىغا ئىككى توقاچ ئا-
لىدىغان بوپتۇ، كېيىن ئۈچ توقاچ... شۇنداق قىلىپ، كېيىن-
كى كۈنلەردە تۆت توقاچ ئالىدىغان بوپتۇ. باشتا ئاز يەيدىغان
پاقىمۇ مانا ئەمدى كۆپ يەيدىغان بوپتۇ. تۇردىقارىي ئۇنى ناھا-
يىتى ئەزىزلەپ بېقىپتۇ، سۇ بېرىپتۇ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۇ-
نى ئەركىلىتىپ قويىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى موللىسى:

— باللار، ئەمدى ياز كېلىپ قالدى، باغقا چىقىپ
ئىككى ئاي تۇرىمىز، شۇ يەردە ئوقۇيمىز، كەم ـ كۈتىلد-
رىڭلارنى جايلاپ كېلىڭلار، ئەتە ماڭىمىز، — دەپ ئۇقتۇرۇپ-
تۇ. باللارنىڭ ھەممىسى يۈگۈرۈشۈپ ئۆيلىرىگە كېتىپتۇ.
تۇردىقارىيمۇ ئۆيىگە كېلىپ كۆپ ئويلاپتۇ، بارماي دېسە، مول-
لىسى بىلەن ئانىسىدىن قورقۇپتۇ، باراي دېسە، بېقىۋاتقان پا-
قىسىنى ئويلاپتۇ. ئىلاجسىز قېلىپ، ئاخىر بارىدىغان بوپتۇ.
ئانىسى تەييارلىقىنى قىلىپ بالىسىنى ئۇزىتىپتۇ.

تۇردىقارىي يېتىپ كەلگۈچە موللىسى باللارنى يىغىپ،

جابدۇق، كىيىم - كېچەكلەرنى ھارۋىلارغا بېسىپ، ئاندىن كىتاب ساندۇقىنى ئېلىپ چىقىپتۇ - دە، كىتاب ئالماقچى بولۇپ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىش بىلەن ئەتراپتا تۇرغان با-لىلار: «ۋاي موللام !» دەپ چىرقىرىشىپ، قوللىرىدىكى كى-تابلارنى تاشلاپ قېچىشىپتۇ. موللام قارىسا، ساندۇقتا ئادەم ھەيران قالغۇدەك، چاقتەك يوغان پاقا تۇرغان.

— بۇ نېمە ئىش؟ كىم ئەكىردى بۇنى؟ ! — دەپ ۋارقىراپتۇ موللا. ھېچكىم ئۈندىمەپتۇ. موللا:

— ئېيتىش، قايسىڭنىڭ قىلغان ئىشى بۇ؟ قايسىڭ ئە-كىرگەن بولساڭ ئېلىش ! كىم ئەكىرگەن - ھە ! — دەپ ۋارقىرىغاندا، تۇردىقارىي:

— مەن، — دەپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن پاقىنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ يۈرىسەن؟ — دەپتۇ موللا.

— موللام، — دەپتۇ ئۇ، — سىلى چىۋىن، چۈمۈلىگىمۇ ۋابال قىلماڭلار، دېگەنىدىلە. بىر كۈنى مەكتەپكە كېچىكىپ قېلىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ، بۇ پاقىنى كۆرمەي دەسسەپ قويۇۋېدىم، ئۇ ناھايىتى قىينىلىپ كەتتى. مەن گۇناھكار بو-لۇپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن سىلىنىڭ سۆزلىرى ئېسىمگە كەلدى - دە، ئۇنى ئالغاچ كېلىپ، مۇشۇ يەرگە سېلىپ قوي-غانىدىم، كۈنىگە ئىككى - ئۈچتىن توقاچ بېرىپ بېقىۋاتقى-نىمغا توپتوغرا ئۈچ يىل بولدى.

— ھوي ھارامزادە، بۇنى ھازىر يوقات ! — دەپ ۋارقىراپتۇ موللىسى. بالىلار قورققىنىدىن نېرى قېچىپ تۇ-رۇشۇپتۇ. تۇردىقارىي ئاستا كېلىپ پاقىنى چاپىنىغا يۆگەپ، ئاران دېگەندە يەردىن كۆتۈرۈۋاپتۇ، كۆتۈرگەن پېتى ئىنجىقلاپ تۇرۇپ كۆلنىڭ يېنىغا ئاپىرىپتۇ. ئۇ پاقىنى يەرگە قويۇپ

بىر توقاچنى بەرگەنىكەن، «ھاپلا» قىلىپ يۇتۇۋېتىپتۇ. تۇردىقاريي ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپتۇ:

— خەير، پاقام! سېنى دەسسەپ تېنىڭگە ئازار بەردىم، گۇناھىم ئۇچۇن سېنى ئۈچ يىل باقتىم، يەنە گۇناھىم بولسا كەچۈرەرسەن، — دەپتۇ. پاقا قولىدىن چىقىپ سەكرەپلا كۆلگە چۈشۈپ چۆكۈپ كېتىپتۇ. تۇردىقاريي كۆزىگە «مۆللىدە» ياش ئېلىپ، ئارقىسىغا شۇنداق قاراپ مېڭىشىغا، كۆلدىن بىر ئاۋاز چىقىپتۇ، قارىسا، ھېلىقى پاقا سۆزلەۋاتقۇدەك:

— ھەي قاريي، سەن مېنى باقتىڭ، ياخشىلىق قىلدىڭ، ۋاقتىدا تائام، ۋاقتىدا ئۇسسۇزلۇق بېرىپ كۈتتۈڭ، مەن ئۇچۇن كۆپ ئاۋارىچىلىك تارتتىڭ، ئاھانەت ئىشتىتىڭ. مەن بولسام، مانا ھازىر ئاتا - ئانام ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قېرىنداشلىرىم بىلەن كۆرۈشتۈم. سېنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭغا رەھمەت. مېنى بىرپەس كۈتۈپ تۇر.

پاقا شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ سۇغا كىرىپ كېتىپتۇ. ھايال قىلماي پاقا يەنە چىقىپ، ئاغزىدىن بىر ئەڭگۈشتەرنى چىقىرىپ بېرىپتۇ. تۇردىقاريي ئەڭگۈشتەرنى قولىغا ئېلىپ:

— بۇنى نېمە قىلىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن بەردىم، — دەپتۇ پاقا، — بۇ ئەڭگۈشتەر بېشىڭغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى خىسلىتى، ئۆلگەننى تىرىلدۈرىدۇ؛ ئىككىنچى خىسلىتى، باغۇ بوستان، ئىمارەت پەيدا قىلىدۇ؛ ئۈچىنچى خىسلىتى، نازۇنېمەت تەييار قىلىدۇ. بۇنى يوقاتما، جېنىڭدىن ئەزىز كۆرۈپ ساقلىغايسەن. خوش ئەمىسە، قىيامەتتە كۆرۈشەرمىز.

تۇردىقاريي ئەڭگۈشتەرنى قوينىغا سېلىپ مەكتەپكە قايتىپ كەلسە، موللىسى بالىلارنى ئېلىپ ئاللىقاچان كېتىپ

قاپتۇ. تۇردىقارىي ئويلا ـ ئويلا: «ماڭا بىلىم دېگەن ھەر زامان كېرەك» دەپتۇ ـ دە، موللىسىنىڭ ئارقىسىدىن يولغا راۋان بوپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر يەرلەرگە كەلگەندە ئاخىر پېشىن بوپتۇ. تۇردىقارىي، مۇشۇ يەردە كىچىككىنە دەم ئېلىۋالاي، دېگەن ئوي بىلەن بېدىلىكنىڭ يېنىدىكى بىر قارىياغاچنىڭ سايىسىگە كەپتۇ، چاپىنىنى بېشىغا قويۇپ «ئۇھ» دەپ يېتىشىغا، يېنىدا بىر ئۆلۈك يىلاننى كۆرۈپتۇ. تۇردىقارىي ئەڭگۈشتەرنى قولىغا ئېلىپ، ئەگەر ئەڭگۈشتەر ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان بولسا، مۇشۇ يىلاننى تىرىلدۈرىدۇ، دېگەن ئوي بىلەن شۇنداقلا سۈركىگەنىكەن، ھېلىقى يىلانغا جان كىرىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىپتۇ:

— ھەي ئادەمزاتنىڭ ياخشىسى، سەن مېنى تىرىلدۈردۈڭ، ماڭا ياخشىلىق قىلدىڭ. مەن بالىلىرىمغا ئوزۇق تېپىپ كېلەي، دەپ كېتىۋاتسام، قارا باش نېمىلەر يۇگۈرۈشۈپ كېلىپ مېنى تاياق ـ توقماق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، مۇشۇ يەرگە تاشلىۋەتكىنىگە بۈگۈن ئۈچ كۈن بولغانىدى. سەن مېنىلا ئەمەس، ئىككى بالام بىلەن بىز بىر ئۆيلۈكنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدۇڭ، ساڭا رەھمەت. قاچان بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە مېنى ئەسلىسەڭ، مەن تەييار بولىمەن، — دەپتۇ ـ دە، يەر بېغىرلاپ كېتىپ قاپتۇ.

تۇردىقارىي ئەڭگۈشتەرنىڭ خاسىيىتىگە شۇنىڭدىن كېيىن ئىشىنىپتۇ. ئۇ شۇ يەردە بىرئاز دەم ئالغاندىن كېيىن يەنە يولغا چۈشۈپتۇ. بىر يەرلەرگە كەلگەندە، بىر ئۆلۈك گۈل ھەرىسىگە ئۇچراپتۇ. تۇردىقارىي، بۇنى تىرىلدۈرەلەمدىكىن، دېگەن ئوي بىلەن ئەڭگۈشتەرنى ئۇنىڭغا سۈركىگەنىكەن، ئۇمۇ تىرىلىپ غىڭشىلداپتۇ ـ دە:

— قاچان بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە مەن تەييار ! — دەپ

ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئۇ يەنە يولىنى داۋام قىپتۇ، بىرھازا يول يۈرگەندىن كېيىن بىر بۇلاق تۈۋىگە كېلىپ پوتىسىدىن بىر توقاچنى ئېلىپ ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىپ، يېرىمىنى بۇلاق سۈيىگە چىلاپ يەپ، دەم ئېلىپ ئولتۇرسا، يىراقتا بىرنەرسە كۆزىگە چېلىقىپتۇ، بېرىپ قارىسا، بىر مۈشۈك ۋە بىرنەچچە چاشقان تۇرغان، مۈشۈكمۇ ئۆلۈك، چاشقانلارمۇ ئۆلۈك. تۇردىقارىي، مۈشۈك دېگەننىڭ يامانلىقى يوق، بۇنى كىم ئۆلتۈرگەندۇ، بۇ- نىڭغا بىر ياخشىلىق قىلىپ قوياي، دەپ، ئەڭگۈشتەرنى ئۇنىڭ بوينىغا شۇنداقلا سۈركىگەنىكەن، ئۇ تىرىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى بىر سىلكىپ، ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرگەن هالدا سالام قىپتۇ.

— هەي ئادەمزات، — دەپتۇ مۈشۈك، — مېنى تىرىل- دۈردۈڭ. ئېتىزدىكى ئاشلىقلار تازا پىشقان چاغدا، ئاشلىقنى چاشقان بېسىپ، زىيان كەلتۇ- رۈشكە باشلىدى. ئادەم- لەرنىڭ هەممىسى چاش- قانغا قارشى قوزغالدى. بىزنىڭ ئائىلىمۇ ئې- تىزغا كۆچۈپ چىقىپ چاشقانلارنى ئۆلتۈرۈشكە كىرىشتى. مەنمۇ تىنىچ ياتمىدىم، كىچە - كۈن- دۈز چاشقانلارنى قى- رىۋاتسام، پادىشاھنىڭ



ئوغلى ئۇۋدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، مېنى بىگۇناھ ھالدا ئاتقا دەسسىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. قانچە نالە قىلساممۇ، يالۋۇرسامـمۇ كارى بولمىدى... مانا مەن بۇگۈن يورۇق دۇنياغا قايتىپ كەلدىم، سېنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن.

كەچ كىرىپ قالغاچقا، تۇردىقارىي شۇ يەردە بىر ئـەسكى كەپىگە كىرىپ يېتىپ قاپتۇ، مۈشۈكمۇ ئۇنىڭ قوينىغا كىرىپ يېتىپتۇ. ئۇلار كېچىنى شۇ كەپىدە ئۆتكۈزۈپـتـۇ ـ دە، تـاڭ ئاتقاندا بىر ـ بىرلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئىككىسى ئىككى ياققا قاراپ راۋان بوپتۇ. ئۇلار ئايرىلىش ئالدىدا، مۈشۈك:

— قاچان بېشىڭغا كۈن چۈشسـە، مـېـنـى ئـەسلـە، شۇ ۋاقىتتا ئالدىڭدا ھازىر بولىمەن، — دەپتۇ.

تۇردىقارىي كەچكىچە يول يۈرۈپتۇ، شام ئارىلىقـىـدا بـىـر شەھەرگە كىرىپتۇ، موللىسى باللارنى ئېلىپ كەلگەن شەھەر مۇشۇ ئىكەن.

تۇردىقارىي، خۇدايا شۈكۈر، ئەمدى يېتىپ كـەلـدىـم، بـا ـ للارنى تېپىۋالسام بولغىنى، دېگەن ئوي بىلەن كەچ بولـسىـ ـمۇ، ئۇلارنى ئىزدەپ شەھەر چېتىدىكى بىر باغنىـڭ تۈۋىـگـە كەلسە، بىر ئادەم خارتىلداپ قانغا بويىلىپ يېتىپـتـۇ. «ھـەي بىچارە» دەپ ئىچى ئاغرىغان تۇردىقارىي ئەڭگۈشتەرنى سۈركىـ ـگەنىكەن، ھېلىقى ئادەم ساپساق بولۇپلا، ئورنـىـدىـن تـۇرغـان زامات ئېسىلىپتۇ ۋە:

— ھە... مېنى ئۇرۇپ يىقىتقان سەن ئەمەسمۇ، ئـەمـدى قولۇمغا چۈشتۈڭمۇ؟ ھەي خالايىق، قاتىلنى تۇتتـۇم ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. خۇپتەن نامىزىدىن چىققان جامائەت يىغىلىپـتـۇ، تەرەپ ـ تەرەپتىن يولۇچىلار توپلىنىپتۇ، قورۇ ـ قورۇلاردىن ئادەملەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىشىپتۇ. بىرلىرى: «ئالدىنقى كـۈنـى ئۆلگەن ئادەمنى مۇشۇ ئۆلتۈرگەنىكەن» دېسە، بەزىلـەر: «ئـاخـ ـ

شام كوچىغا تۆكۈلگەن ئادەمنىڭ قېنىنىمۇ مۇشۇ بىرنېمە تۆككەن بولسا كېرەك» دېيىشىپتۇ. يەنە بەزىلەر بولسا: «بۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش كېرەك» دەپ دېۋەيلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، «ئۇر، تارت !» بىلەن تۇردىقارىينى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا سۆرەپ مېڭىپتۇ.

— داد، پادىشاھىئالەم، داد ! — دەپتۇ ھېلىقى ساقايغان ئادەم.

— نېمە دادىڭ بار؟ دادىڭ بولسا ئېيت ! — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلنى تۇتتۇق، — دېيىشىپتۇ كۆپچىلىك.

بىر كىشى توپنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— پادىشاھىئالەم، بۇرناكۈن ئۆلگەن ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل مۇشۇ، تۈنۈگۈن كوچىدا تۆكۈلگەن قانمۇ مۇشۇ شۇمەنىڭ ئىشى، بۈگۈن بولسا، مۇنۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە ئاز قالغانىكەن، تۇتۇۋالدۇق، — دەپتۇ. پادىشاھ تۇردىقارىيدىن سۆزمۇ سورىماي:

— ئاپار، بۇ بەتبەختنى زىندانغا ! — دەپ ئەمر قىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى ئۇنى يەتتە قات زىندانىنىڭ ئاستىغا سولاپ قويۇپتۇ، نانمۇ بەرمەپتۇ، سۇمۇ بەرمەپتۇ. تۇردىقارىي ئاچ - زېرىن، داق يەرگە كۆكسىنى بېسىپ يەتتە كۈن يېتىپتۇ.

ئۇ بېشىغا شۇنداق قاتتىق كۈن چۈشكەندە، ئۆزى يولدا تىرىلدۈرگەن يىلان، مۈشۈك ۋە ھەرىنى ئەسلەپ كۆزىگە ياش ئاپتۇ. ئۇنىڭ ئاھ - زارى ئۇلارغا يېتىپ، شۇ زامات مۈشۈك تۆڭلۈكتىن، ھەرە دېرىزىدىن، يىلان يەر ئاستىدىن كىرىپ كەپتۇ. ئۇلار تۇردىقارىينىڭ خىزمىتىگە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ.

مۇشۇك نان، يىلان گۆش، ھەرە ھەسەل بىلەن سۇ تو-
شۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يەتتە يىل تۇردىقارىينى بېقىپ-
تۇ. تۇردىقارىينىڭ سالامەتلىكى ناچارلاشقاندا، ھەرە دورىلىق
گىياھلارنى ئەكېلىپ ئۇنى ساقايتىپتۇ.

كۇنلەردىن بىر كۇنى پادىشاھ ئاغرىپ قاپتۇ، ئاغرىقى
سوزۇلۇپ يەتتە يىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپتۇ. ئۇنىڭغا يەتتە
ئىقلىمدىن چاقىرمىغان تېۋىپ، قىلمىغان دورا قالماپتۇ، ھېچ
داۋا بولماپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۇن
دېسە كۇن ئەمەس، نۇر جامالىق، بويىغا يەتكەن بىرلا قىزى بار
ئىكەن. بىر كۇنى پادىشاھ يېقىن ۋەزىرىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

— ھەي ۋەزىرىم، مەن ھېچ ياخشى بولالمىدىم. خەلقئا-
لەمگە جاكار قىلىڭ، ئەگەر كىمكى مېنى ساقايتسا، قىزىمنى
بېرىمەن! — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ، دۇنيادا داڭقى چىققان ھارۇللا دېگەن ئاتمىش
ياشلىق موللا پادىشاھقا ئۇچۇر بېرىپتۇ. پادىشاھ ئادەم ئەۋەتىپ
ئۇنى ئالدۇرۇپ كەپتۇ. ھارۇللا يەتتە كېچە - كۇندۇز ئوقۇپ،
ھېچ ساقايتالماپتۇ. شۇ ئارىدا قىزغا نەپسى تاقىلداپ، ئۆزىمۇ
ئاشىقلىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ، كېسەل پېتى قايتىپ
كېتىپتۇ. ئاڭغىچە تۇردىقارىيمۇ تىنچ ياتماپتۇ، يىلان، مۇ-
شۇك، ھەرىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن يەر ئاستىدىن يول ئېچىپ،
پادىشاھ ياتقان ئۆينىڭ ئاستىغا يېتىپ كەپتۇ.

پادىشاھ ئۆلەر ھالغا كەپتۇ. جۇمە ئاخشىمى ئۇ سەكراتقا
چۇشۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قې-
رىنداش، ۋەزىرلىرى بېشىدا قادىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. خوتۇنى بى-
لەن قىزى يىغا - زار قىلىپ تۇرغاندا، يەر ئاستىدىن:

— ئۆلگەننى تىرىلدۇرىمەن، ئاغرىقنى ساقايتىمەن! —
دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ. ھەممەيلەن جىم بولۇشۇپ قاپتۇ. يەر

ئاستىدىن يەنە ئاۋاز كەپتۇ:
— ئۆلگەننى تىرىلدۇرىمەن، ئاغرىقنى ساقايتىمەن! ئەگەر پادىشاھ قىزىنى بەرسە، دېگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلسا، پادىشاھنى ساقايتىمەن!
— ۋاي بولىدۇ! ۋاي بولىدۇ! — دەپ ۋارقىراپتۇ باش ۋەزىر.
— راستمۇ، راستمۇ؟ — دەپ تەكرارلاپتۇ تۇردىقارىي.
— ۋاي بولىدۇ، ۋاي راست! — دەپ ۋارقىراپتۇ باش ۋەزىر.
— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ ئىسمىم تۇردىقارىي. مېنى يەتتە قات زىنداندىن بوشىتىڭلار، — دېگەندە، بۇلار ھەيران قېلىشىپتۇ.
ۋەزىر بىلەن پادىشاھنىڭ قىزى يۈگۈرۈپ چىقىپ زىندانبېگىگە بۇيرۇق بېرىپتۇ. زىندانبېگى تېزدىن زىنداننى ئېچىپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى يۈگۈرۈپ كىرسە، يالاڭ ئاياغ، يالاڭ تۆش، ئۇچىسىدا ئەسكى بىر ماتا ئىشتاندىن باشقا نەرسە قالمىغان، پۈتۈن تېنىنى تۈپا باسقان، چېچى ئۆسۈپ يۈزىنى ياپقان، كۆزى بىلەن چىشلىرىلا پارقىراپ قالغان بىر بالا ئولتۇرغان.
بۇنى كۆرۈپ پادىشاھنىڭ قىزى ھەم ۋەزىرلەر ھەيران بولۇشۇپتۇ. باش ۋەزىر:
— پادىشاھنى ساقايتىدىغان سەنمۇ؟ — دەپتۇ.
— ھە، مەن، — دەپتۇ تۇردىقارىي.
— ئۇنداق بولسا، چىق بۇياققا!
تۇردىقارىينى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەپتۇ.
توپلانغان ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئۆلىمالار بالىغا ئىشەنمەپتۇ. شۇ چاغدا باش ۋەزىر:
— ساقايتالامسەن؟ — دەپتۇ.

— ساقايتىمەن ! — دەپتۇ تۇردىقارىي.

— ھەي گۇناھكار، ئەگەر پادىشاھنى ساقايتالمىساڭ، كاللاڭ ئېلىنىدۇ، رازىمۇ سەن؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە باش ۋەزىر.

— خوپ، ئەگەر ساقايتسام، پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ بولغايمۇ؟ — دەپتۇ تۇردىقارىي.

— بولىدۇ، — دېيىشىپتۇ ئۇلار. تۇردىقارىي:

— پۈتۈك يېزىپ، مۆھۈر بېسىڭلار ! — دېگەندە، باش ۋەزىر پۈتۈك يېزىپ پادىشاھنىڭ مۆھرىنى بېسىپتۇ.

تۇردىقارىي ئىشتىنىنىڭ قىرغىقىدىكى ئەڭگۈشتەرنى ئې-لىپ پادىشاھنىڭ بۇرنىغا شۇنداقلا تەگكۈزۈپ، گەجگىسىگە سۈركىگەنىكەن، پادىشاھ دەررۇ كۆزىنى ئېچىپ، ياتقان ئورنى-دىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. قاراپ تۇرغان بارلىق خالايىق ھەيران بولۇشۇپتۇ. بەزىلىرى قايىل بوپتۇ، بەزىلىرى ئىچى تارلىق قىپتۇ. پادىشاھ ھوشىغا كېلىپ:



— ھەي قۇل، سەن قاچاندىن بېرى سولاقتا بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىلى ئاغرىغاندىن باشلاپ، بۇ يىل توپتوغرا يەتتە يىل بولدى، — دەپتۇ تۇردىقارىي.

— قانداق سولانغانىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

تۇردىقارىي چالا ئۆلۈك ياتقان ئادەمگە ياخشىلىق قىلىمەن دەپ، بىگۇناھ سولاققا چۈشۈپ قالغىنىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ: «مېنى بىگۇناھ سولىدىڭ» دېگەن سۆزگە ئاچچىقلىنىپ ھەم ئۆزۈم سولىغان ئادەمگە ئۆزۈم قىزىمنى بەرسەم، خەلقئالەم ئالدىدا نومۇس ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى قارا، دەپ ئويلاپ، دەرھال جاللاتلىرىنى چاقىرىپ بۇيرۇپتۇ:

— ھازىر بۇنىڭ كاللىسىنى ئال!

جاللاتلار ئۇنى ئېلىپ ماڭغاندا باش ۋەزىرى:

— ئەي پادىشاھىئالەم، بۇنى ئۆلتۈرۈش نامەردلىك، بۇنىڭ سىلىنى ساقايتقىنىنى ئەل - يۇرت ئاڭلىدى. ئۇنىڭدىن كۆرە، بۇنىڭغا بىر ئېغىر ۋەزىپە تاپشۇرايلى، شۇنى ئورۇندىسۇن، ناۋادا ئورۇندىيالمىسا، ئۇ ۋاقىتتا بۇنىڭ كاللىسىنى ئالايلى، — دەپتۇ. بۇنىڭغا پادىشاھ رازى بوپتۇ.

— ھەي قۇل، سەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىساڭ، ئۇ-زۇنلۇقى سەكسەن غۇلاچ، كەڭلىكى يىگىرمە غۇلاچ، ئوتتۇرد-سىدا ئىككى قاتار يەتتە قەۋەت ئۆيلىرى بار، تاملىرى مەر-مەردىن ئىشلەنگەن، يوللىرىغا تاش يېيىتىلغان، ئەتراپىغا گۇل تىكىلگەن، ئوڭ تەرىپىدە يەتمىش ئىككى تۈرلۈك مېۋە پىش-قان، ئېرىقلىرىدا زۇمرەت سۇ ۋە شەربەت ئېقىپ تۇرغان، تۈرلۈك جان - جانىۋار سايرىشىپ تۇرغان بېغى بار ئوردا تەييار قىلىسەن، ئەگەر مۇشۇنى ياساپ چىقساڭ، ئۆلۈمدىن

قۇتۇلۇپ، قىزىمنى ئالسەن، — دەپتۇ پادىشاھ.
— خوپ، تەقسىر، — دەپتۇ تۇردىقارىي.
— ئۇنداق بولسا، ئىشلىتىش ئۇچۇن بەش مىڭ ئادەم، قورال - جابدۇق، يەتكۇچە ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ، ئۇچ ئايدا تەييار قىل! — دەپتۇ پادىشاھ. تۇردىقارىي كۆلكىسىنى زورىدا بېسىپ، پادىشاھقا قاراپ:
— پادىشاھىئالەم، ئۇنچە ئاۋارە بولماڭ، سىزنىڭ ھېچ نەرسىڭىزنىڭ كېرىكى يوق، ئەتە سىز ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ غىزالانغۇچە، مەن بارلىقىنى تەييارلاپ قوياي، — دەپتۇ.
— سەن ساراڭمۇ، ئوڭمۇ؟! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ. بەزىلەر كۈلۈشۈپتۇ.
— پادىشاھىئالەم، ئۆلۈكنى تىرىلدۇرگەن يەردە ساراي سېلىش دېگەن نېمىتى؟ ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلماي، ماڭا ساراي سالدىغان مەيداننى كۆرسەتسىلە، — دەپتۇ تۇردىقارىي.
پادىشاھ ئۇنىڭغا زادىلا ئىشەنمەپتۇ، ئىچىدە، بۇ مېنى ئالداپ قېچىپ كەتمەكچى، دەپ ئويلاپتۇ. باش ۋەزىر:
— پادىشاھىئالەم، بوپتۇ دېمەملا، كەينىگە قاراۋۇل قويايلى، يەرنى كۆرسىتەيلى، ئەگەر قىلالمىسا، كاللىسىنى ئالايلى، — دەپتۇ.
باش ۋەزىر ئۇنى ئاچىقىپ ئوردا سالدىغان ئورۇننى كۆرسىتىپتۇ. تۇردىقارىي مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ ئۇياقىا مېڭىپتۇ، بۇياقىا مېڭىپتۇ، ئاخىر بىر يەردە ئولتۇرۇپ، چاپىنىنى بېشىغا قويۇپ ئۇخلاپتۇ. قاراۋۇللار بۇنى كۆرۈپ: «ۋاي، بۇ بەرىبىر ئەتە ئۆلىدۇ» دېيىشىپ، كېچىسى تۇن يېرىمىغىچە ئۇنى ساقلاپ، ئۇلارمۇ تۇرغان يېرىدە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بارلىقىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، تۇردىقارىي ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئەڭگۇشتەرنى قولىغا ئېلىپ، ئاسمانغا ئېگىز

تاشلاپ: «ئى ئاللا، مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغايسەن !» دەپتى-
كەن، ئەگىگۈشتەر يەرگە چۈشۈشى بىلەن تەڭ تۈتۈن كۆتۈرۈ-
لۈپ، تۇمان بېسىپتۇ، كېيىن تۇمان ئاستا ـ ئاستا ئاسمانغا
كۆتۈرۈلۈپ، ھېلىقى مەيداندا پادىشاھنىڭ بۇيرۇغىنىدىن مىڭ
ھەسسە ئارتۇق بىر ئوردا پەيدا بوپتۇ، پادىشاھنىڭ قىزى ئۇ-
چۈن ئالايىتەن چارباغ پەيدا قىپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى قارا-
ۋۇللار ئويغىنىپ قارىسا، باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغان !

— ھوي، بۇ شەھەرگە بىزنى كىم ئەكېلىپ قويدى؟ ئو-
ڭىمىزمۇ، چۈشىمىزمۇ؟ ! — دېيىشىپ ھاڭ ـ تاڭ قاپتۇ ئۇلار.

تۇردىقارىي ئەگىگۈشتەرنى ئىشتىنىنىڭ قىرغىقىغا قىس-
تۇرۇپ، ئەتىسى سەھەردە پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ
دەرۋازىنى ئۇرۇپتۇ. باش ۋەزىر چىقىپ تۇردىقارىينى پادىشاھ-
نىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. تۇردىقارىي پادىشاھنىڭ يېڭى
ئوردىغا چىقىشىنى تەكلىپ قىپتۇ. ھېچكىم ئىشەنمەپتۇ. پا-
دىشاھ ئۆزىنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى، ئالىم ـ ئۆلىمالىرى



بىلەن چىقسا، راست، ئۆزىنىڭ
دېگىنىدىنمۇ ئارتۇق بىر بىنا
بارلىققا كەلگەن، بىنانىڭ ئوت-
تۇرىسىدا ئاسمان ـ پەلەك ئې-
گىزلىكتە ئالتۇندىن ياسالغان
تەخت ۋالىلداپ تۇرغان. پادىشاھ
ھەيران قاپتۇ.

پادىشاھ ئەمر قىلىپ، ئور-
دىنى كۆچۈرۈپ چىقىپتۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن پادىشاھ تۇردىقارىيغا
قىزىنى بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

# خوجا سېلىم

قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن، ئۇنىڭ دۇنىيا-
لىقتا ئارزۇلۇق بىرلا قىزى بار ئىكەن. پادىشاھ قىزى ئۈچۈن
كېچەيۇ كۈندۈز سەدىپارە ئىكەن. بىر كۈنى قىز كېسەلگە مۇپ-
تىلا بولۇپ قاپتۇ. شۇ شەھەردىكى قانچە - قانچىلىغان تې-
ۋىپلار بۇ قىزنى داۋالىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ساقايماپتۇ.
قىزنىڭ غېمىدە پادىشاھنىڭ بېشى قېتىپ، ۋەزىر ۋە مۇنەج-
جىملىرى بىلەن بۇ توغرىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ. پادىشاھ قې-
شىغا يىغىلغانلاردىن:

— بۇ قىزغا قىلمىغان سەۋەبلىرىمىز قالمىدى، قىزىم-
نىڭ كېسىلىگە شىپا بولغۇدەك يەنە قانداق مەسلىھەتىڭلار
بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

ۋەزىرلەر ھېچقانداق ئامال قالمىغانلىقىنى، ئەمدىلىكتە
قوشنا خاندانلىقلاردىن ئۆلىمالارنى، ھۆكۈمالارنى تەكلىپ قى-
لىپ كۆرسىتىپ بېقىشنى مەسلىھەت بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ
مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ، چەت يۇرتلاردىن ئۆلىمالارنى تەك-
لىپ قىلىپ كەلتۈرۈپتۇ ۋە ئۆز ۋەزىرلىرىگە دېگەن سۆزنى
بۇ ئۆلىمالارغىمۇ بايان قىپتۇ. بىرمەھەل جىمجىتلىقتىن كې-
يىن، سورۇن ئەھلى ئىچىدىن بىر مۇنەججىم ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— پېقىرلىرىنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچسىلە، مەلد-

كىمنىڭ شىپا تېپىشى ھەققىدە بىر مەسلىھىتىم بار ئى-
دى، — دەپتۇ. پادىشاھ:
— قىزىم ساقىيىدىغانلا بولسا، قانداقلا مەسلىھەتىڭ
بولسا، بايان قىلغۇر، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، —
دەپتۇ. مۇنەججىم كۆڭلىگە پۈككەن پىكرىنى بايان قىلىپ:
— پادىشاھىئالەم، جانابلىرىغا مالال كەلمىسە، بىرىنچىد-
دىن، پۇقرالارغا رەھىم قىلىپ، كەمبەغەل، يېتىم - يې-
سىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسىلا؛ ئىككىنچىدىن، زىنداندىكى
گۇناھكارلارنى ئازاد قىلسىلا. مانا مۇشۇنىڭ شاپائىتىدىن
ياراتقان ئىگەم مەلىكىمىزگە شىپالىق بېرىپ قالسا، ئەجەب
ئەمەس، — دەپ مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ بۇ مەسلى-
ھەتنى ماقۇل كۆرۈپ، ۋەزىر - ۋۇزرالىرىغا:
— قول ئاستىمدىكى پۇقرالارنىڭ ئالۋان - ياساقلىرى
يەڭگىللىتىلسۇن، قېرى - چۈرى، تۇل خوتۇن، يېتىم -
يېسىرلارغا خەير - ساخاۋەت قىلىنسۇن، زىنداندىكى گۇناھ-
كارلار ئازاد قىلىنسۇن ! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.
زىنداندىكى گۇناھكارلارمۇ ئازاد قىلىنىپتۇ. گۇناھكارلار
ئارىسىدا ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشكەن، نۇرانە بىر موي-
سىپىت بار ئىكەن، ئۇ كىشى پادىشاھقا ئەرزىم بار دەپتۇ. پا-
دىشاھ مويسىپىتنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئوردىغا كىرىش-
كە ئىجازەت بېرىپتۇ. مويسىپىت ياساۋۇللارنىڭ ھەمراھلىقىدا
شاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ ئىلتىپات قىلىپ، مۇ-
ناسىپ ئورۇندا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. مويسىپىتنىڭ دۇئا - تەكبى-
رىدىن كېيىن، شاھ تائام كەلتۈرۈشنى ئەمر قىپتۇ. تائامدىن
كېيىن، پادىشاھ مويسىپىتتىن سوراپتۇ:
— سىز كىم بولىسىز؟ يۇرتىڭىز قەيەر؟ زىندانغا قانداق
كىرىپ قالدىڭىز؟ نېمە ئەرزىڭىز بار؟

بۇ كىشى ئاھ ئۇرۇپ، بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىسى-نى مۇنداق باشلاپتۇ:

— ئەي پادىشاھىئالەم، مەن مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئىسمىم خوجا سىلىم. ئاتام داڭلىق باي ئىدى. ئاتام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مىراس قالغان ماللىرىم بىلەن ئىش - ئوقىتىم تېخىمۇ ياخشى بولۇپ، تۇرمۇشۇم پاراۋان ئۆتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە چارباغقا ساياھەتكە كىردىم. گۈزەل باغدا تەنھا ساياھەت قىلىپ ئايلىنىپ، كۆلنىڭ بويىغا كەلدىم. شۇ ھامان سۇدىن چىقتىمۇ ياكى ئاسماندىن چۈشتى-مۇ، بىلمەيمەن، بەھەيۋەت، يۈزلىرى قاپقارا، چىشلىرى ئۇ-زۇن، ۋەھىمىلىك بىر مەخلۇق ئۆزىنى ماڭا ئۇردى، شۇنىلا بىلىمەن، قالغىنىنى بىلمەيمەن. مەن ھوشۇمدىن كېتىپتىمە-مەن، ئېسىمگە كەلگەندە كونا بىر ئۆيدە ياتىمەن. بۇ ئۆيدە ئەسكى كىگىز، سامان تەكىيدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈن-مەيتتى. ئايالىم بېشىمدا سەدپارە بولۇپ، ئايلىنىپ يۈرەتتى. ھوشۇمغا كەلگەنلىكىمنى كۆرگەن ئايالىم ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. مەن شۇ ھالەتتە يەتتە يىل يېتىپتىمەن، بارلىق مال - مۈلكۈم مېنى داۋالىتىش بىلەن تۈگەپتۇ. ئەجىلىم پۈتمى-گەنىكەن، ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تالا - تۈزگە چىقالىغۇدەك بولۇپ قالدىم، يۇيۇنۇپ - تارىنىپ ئاللاغا ئىبادەت قىلدىم، كۆزۈم ئۇيقۇغا كەتتى. ئاسمانىي ئالەمدىن سەپ - سەپ بولۇپ مالا-ئىكلەر چۈشتى، بىر كۈرسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيدا بولدى. مەن ئالدىغا بېرىپ سالام بەردىم، ئۇ مەندىن ھال - ئەھۋال سورىدى. مەن جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئۇ:

— خوجا سىلىم، سەن ئەمدى شىپا تاپىسەن، بەقۇۋۋەت پالۋان بولىسەن. سەن تەرتۇس دېگەن شەھەرگە بېرىپ، شۇ يەرنىڭ پادىشاھىغا ياردەملىشىپ، رۇملۇقلارغا قارشى غازات

قىلغىن، — دېدى.

— خوپ، بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردىم. ئويغانسام، چۈشۈم ئىكەن. ئىپار - زەپەرنىڭ ئىللىق پۇرىقى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. ئۆزۈم بۇرۇنقىدىنمۇ بەقۇۋۋەت بولۇپ قاپتىمەن. كۆرگەن چۈشۈمنى ئايالىمغا ئېيتىپ، ئايالىم بىلەن خەيرلىشىپ سەپەرگە چىقىپ كەتتىم.

نەچچە كۈنلەر مېڭىپ، نەچچە مەنزىللەرنى بېسىپ، تەرتۇس شەھىرىگە يېتىپ باردىم، ئوردىغا كىرىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتۈم ۋە بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئايىمنى بايان قىلدىم. پادىشاھ مېنى ھۆرمەت قىلىپ يۇقىرىدىن ئورۇن بەردى، مېنى بىر قىسىم قوشۇنغا باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. بىز رۇملۇقلارغا قارشى غازات قىلىش ئۈچۈن بىرلىكتە سەپەرگە ئاتلاندۇق. نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، رۇملۇقلار ئۈستىگە يېتىپ باردۇق. رۇملۇقلارمۇ بىزنى كۆرۈپ



سەپ تارتىپ، بىزگە قارشى تەييارلىنىپ تۇردى. غازات قىلى-
دىغان ئورنىمىزغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن چېدىر - بارگاھ-
لىرىمىزنى تىكىپ، بىزمۇ ھازىرلاندۇق. ئەتىسى جەڭ قىلىش
ئۈچۈن رۇملۇقلار ناغرا - كانايلىرىنى چېلىشتى. ھەر ئىككى
تەرەپ لەكمىڭ لاۋۇلەشكەر بىلەن غازات مەيدانىدا سەپ تۈزۈپ
تۇردى. مەيدانغا رۇملۇقلاردىن بىر باتۇر چۈشۈپ، ھەيۋە بىلەن
جەڭ قىلىشقا مەرد تەلەپ قىلدى. مەن ئاتتىن چۈشۈپ، شاھ
ئالدىغا بېرىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، جەڭ مەيدانىغا كىرىشكە
ئىجازەت سورىدىم. شاھ ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن، مەيدانغا
كىرىپ روبىرو تۇردۇم، ھەملە قىلىش نۆۋىتىنى ئۇنىڭغا بەر-
دىم. ئۇ ئومۇتىنى ئوينىتىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانىنىڭ
بىر چېتىگە چىقىپ كېتىپ، مەن تەرەپكە قاراپ ھەيۋە بىلەن
كېلىپ قەھرى بىلەن بېشىمغا سالدى، مەن سۇپەر بىلەن ئۇ-
نىڭ ئومۇتىنى رەت قىلدىم. ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئومۇتىمۇ
شۇ تەرىقىدە ئۇردى، ھەر ئۈچىلىسىنى سۇپەر بىلەن رەت
قىلدىم. نۆۋەت ماڭا كەلدى. مەن مەيدانىنىڭ بىر چېتىگە ئات
چاپتۇرۇپ چىقىپ كېتىپ، قايتىپ دۈشمەنگە يۈزلەندىم. ئات
چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئومۇتۇم بىلەن دەرغەزەپ بولۇپ بىر ئۇر-
غاندىم، بۇ باتۇرنىڭ سۇپەر تۇتقان قولى بەرداشلىق بېرەل-
مەي، كاللىسى يانجىلىپ ئۆلدى. مەن يەنە نەرە تارتىپ دۈش-
مەن تەرەپتىن باتۇر تەلەپ قىلدىم. شۇ كۈنى، شۇ تەرىقىدە
يەتتە باتۇرنى ئۆلتۈردۇم. ھەر ئىككى تەرەپتە مەيداندىن قاي-
تىش ئۈچۈن تەبلباز چېلىندى. بۇ كۈنى ھەر ئىككى تەرەپ
ئارامگاھىمىزغا قايتتۇق. ئۈچىنچى كۈنى مەن يەنە مەرد تەلەپ
قىلدىم. قارشى تەرەپتىن مەن بىلەن جەڭ قىلىشقا ھېچكىم
جۈرئەت قىلالمىدى. مەن ھامان باتۇر تەلەپ قىلاتتىم. رۇم-
لۇقلار شاھى ئاخىر بېشىدىن قامچىسىنى ئايلاندۇرۇپ، ئومۇ-

مىي لەشكىرنى جەڭگە كىرىشكە ئەمر قىلدى. ھېسابسىز دۈشمەن لەشكەرلىرى ئالدىمغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. دۈشمەن لەشكەرلىرى مېنى ئارىغا ئالدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئارىلىشىپ، جەڭ شۇنداق قىزىپ كەتتىكى، ئەزرائىلنىڭ بازىرى چىقىپ، قانلار ئېرىق - ئېرىق ئاقتى، جەسەتلەر دۆۋىلىنىپ ياتتى. مەن قانچە جانبازلىق قىلغان بولسامۇ، دۈشمەن مۇھاسىرىسىدە قالدىم، تەرەپ - تەرەپتىن كامان تاشلاپ، ئاتتىن يىقىتىپ مېنى ئەسىر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن زىندانغا قامالدىم. رۇم پادىشاھى ۋەزىرلىرى بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ:

— ئۇ مېنىڭ نەچچە باتۇرۇمنى بىر ئومۇت بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. نېمىدېگەن پالۋان - ھە؟ — دەپ، مېنىڭ پالۋانلىقىمغا ئاپىرىن - تەھسىن ئوقۇپتۇ ۋە، — ئۇ پالۋان ئەسلى تەرتۇس شاھىنىڭ پالۋىنى ئەمەس، سىرتتىن خالىس كەلگەنىكەن. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنى بىزگە بەيئەت قىلىشىنى تەرغىب قىلىپ كۆرەيلى، بەلكىم كۆڭلى بىزگە مايىل بولۇپ، بەيئەت قىلىپ قالسا، كۈيئوغۇل قىلىۋالساق، شۇندىلا بىزگە ئىشەنچلىك بولىدۇ. بىز بۇ ئارقىلىق تەرتۇس شاھى ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيمىز، دەپ قارايمەن، سىلەرچە قانداق؟ — دەپتۇ.

ۋەزىر - ۋۇزرالار بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىردەك:

— شاھىمىزنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن! — دېيىشىپ كېتىپتۇ.

— شاھىمىز دېگەندەك، بىزگە بالا بولۇپ قالسا، ھەر يىلى كېلىدىغان چەتنىڭ تاجاۋۇزىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن، — دېيىشىپتۇ ئۇلار.

مەسلىھەتنى بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، ماڭا تۈرلۈك سەرپايلارنى كىيگۈزۈپ، ياخشى تائاملار بىلەن ئالاھىدە زىياپەت قىلىپ، شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. شاھ ماڭا ياخشى گەپ - سۆزلەرنى قىلىپ، مېنىڭ بەيئەت قىلىشىمنى، ئۆزىگە

كۆيئوغۇل بولۇشۇمنى تەلەپ قىلدى. مەن شاھقا بەيئەت قىلـ-
مايدىغانلىقىمنى، كۆيئوغۇل بولمايدىغانلىقىمنى، ئىسلام قو-
شۇنىدىن ئايرىلىپ، كۇپپارلار قوشۇنىدا خىزمەت قىلمايدىغان-
لىقىمنى ئوچۇق بايان قىلدىم. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ:
— جاللات! — دەپ ۋارقىرىدى. جاللات يېتىپ كەلدى،
مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. ۋەزىرلەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:
— شاھئالەم، كەمىنىلىرىنىڭ جانابلىرىغا مەسلىھىتىم
شۇلدۇركى، ئۇ قانداقلا بولسۇن ھامانەم بىزنىڭ قولىمىزدا،
ئۇ ھازىرچە ھېچنەگە كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىـ-
لىش ئاسان، چۈنكى ئۇ قوللىرىدا. ئۇنى ھازىرچە شەھەرگە
يولغا سېلىپ، مەلىكەمگە تاپشۇرساق، مەلىكەم پالۋاننى بەيئەت
قىلىشقا دەۋەت قىلىپ كۆرسە. ئەگەر بەيئەت قىلىش نېسىپ
بولسا، جانابلىرىنىڭ مۇبارەك خانىسىدا ئىززەت - ئابرۇيغا
سازاۋەر بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنى مەھبۇبلۇققا تەقدىم قىـ-
لىدىغانلىقىنى، بىزنىڭ دىنىمىزغا كىرىپ، ئىتائەت قىلسا،
ئامان قالىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلسا، ئەجەب ئەمەس، ئەگەر
ئۇنىڭغا كۆنمىسە، تۇرلۇك ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار بولىدى-
غانلىقىنى ئەسكەرتكەي. ئەگەرچەندە مۇددىئايىمىزدەك بولۇپ،
ئىتائەت قىلىپ قالسا تەلىيى، يەنىلا ئىتائەت قىلمىسا، جانا-
بىي ئالىيلىرىنىڭ ئىختىيارىدا بولغاي، — دەپتۇ.
شاھ ۋەزىرنىڭ مەسلىھىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋەزىر-
نىڭ مەسلىھىتىنى ئورۇنلۇق بىلىپ قوشۇلۇپتۇ ۋە مېنى غول
زەنجىر بىلەن باغلاپ  ھارۋىغا سېلىپ، ياساۋۇللارنىڭ قارا-
ۋۇللۇقىدا شەھەرگە يولغا سالدى.
رۇم شاھى بىر ياساۋۇل ئارقىلىق قىزىغا تەرتۇس شاھى-
نىڭ پالۋىنىنىڭ ئەسىرگە چۈشكەنلىكىنى، ۋەزىر - ۋۇزرالىـ-
رى بىلەن بولغان مەسلىھەتلىرىنى تولۇقى بىلەن يېزىپ ئە-

ۋەتكەنىكەن. بىز ئوردىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ ياساۋۇللىرى ئوردا ئىچىدە مېنى ئالاھىدە تەييارلانغان ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇردى. مەن ئوردا ئىچىدە ئەركىن يۈرەلەيتتىم، لې-كىن ئوردا سىرتىغا چىقالمايتتىم. ئۈچ كۈندىن كېيىن، مە-لىكىنىڭ مەھرەملىرى ماڭا مەلىكىنىڭ قېشىمغا چىقىدىغان-لىقىنى خەۋەر قىلدى. مەلىكە دېگەن مۆھلەتتە شانۇشەۋكەت بىلەن كېنىزەكلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا چىقتى، ئالاھىدە تەي-يارلانغان كۈرسىدا قارار تاپتى. مەلىكە شۇنداق ساھىبجامال، قۇندۇز چاچ، شەھلا كۆز، زىلۋا بوي، پەرى سۈپەت نازىنىن ئىدىكى، دۇنيادا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوقتەكلا بىلىنەتتى. ئۇ نازد-نىن ماڭا قاراپ:

— ئەي پالۋان يىگىت ! ئاتامغا بەيئەت قىلىپ، ئاتامنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇپ، خاندانلىقىمىزنىڭ ساھىبى بولۇپ قېلىشنى خالىساڭ، مەن ساڭا مەھبۇبە بولۇپ قالغايمەن، ئا-تام ھەم ساڭا مەرھەمەت قولىنى سۇنغاي. ئەگەرچەندە سەن بەيئەت قىلىشنى خالىمىساڭ، مېنىڭ ئەقىدەمنى رەت قىل-ساڭ، سېنىڭ تەقدىرىڭ ئاتامنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۆز جېنىڭ-غا ئۆزۈڭ زامىن بولغايسەن، — دەپ، جاۋابىمنى كۈتۈپ تۇر-دى. مەن مەلىكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بېرىشنى سورىدىم. مەلىكە سۆزۈمنى قوبۇل كۆرۈپ، كېنىزەكلىرى بىلەن ئۆز قەسرىگە قايتتى.

ماڭا مەخسۇس ئۆي، مەخسۇس خىزمەتچىلەرنى بەلگىلەپ قويدى، ئوردا ئىچىدە تېخىمۇ ئەركىن - ئازادە يۈرەلەيدىغان بولدۇم. ئوردا ئەتراپى ئىنتايىن مۇستەھكەم قورغان بولۇپ، قاراۋۇللار تولىمۇ كۆپ ئىدى. مېنىڭ ئويلايدىغىنىم بۇ يەردىن قانداق قىلىپ قېچىش ئىدى. ئوردا ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئوردا سېپىللىرىنى كۆزىتەتتىم، ئەپلىك ئورۇن ئىزدەيتتىم.

سېپىلنىڭ جەنۇبىدا بىرنەچچە ئېغىز ئۆي بولۇپ، بىر ئۆينىڭ تېمى سېپىلغا تۇتاش ئىدى. ئۆگزىدىن سېپىلغا چىقىش مۇشكۇل ئىدى. مەلىكە بىلەن كۆرۈشۈپ يىگىرمە ئىككى كۈندىن كېيىن بارلىق ھازىرلىقلارنى پۈتتۈرۈپ، قېچىش قارارىغا كەلدىم. تۈن نىسپى بولۇپ، ئوردا ياساۋۇللىرى قاتتىق ئۇيقۇغا چۈشكەندە، ھازىرلاپ قويغان ياغاچنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئۆينىڭ قېشىغا كەلدىم. بەختىمگە يارىشا بۇ ئۆيدە ئادەم يوق ئىكەن، ئۆگزىگە چىقىپ، ياغاچنى سېپىلغا يۆلەپ، يامىشىپ تۆپىگە چىقىۋالدىم، سېپىلنىڭ سىلىقراق يېرىدىن دۈمبەمنى سېپىلغا يۆلەپ سىيرىلىپ چۈشتۈم. شۇنىڭ بىلەن تەۋەككۈل، دەپ قاراڭغۇ كېچىدە يۈرۈپ كەتتىم. شۇ ماڭغانچە دەشت - باياۋانلارغا، گاھى قېلىن جاڭگاللارغا بېرىپ قالاتتىم. ماڭا ھېچقانداق يۇرت يولۇقمايتتى، ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيتتىم. مانا شۇنداق مېڭىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە دەشت - باياۋاندا ئېگىز تاملىق قورۇغا بېرىپ قالدىم، دەرۋازىسى ئوچۇق ئىدى. قورۇغا توسالغۇسىز كىردىم. قورۇ ئىچىدە كەڭ پېشايۋانلىق ئۆيلەر قاتار تۇراتتى، پېشايۋاندا ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئولتۇراتتى، بوۋاينىڭ نېرىسىدا قازاندا شورپىلار قايناپ، گۆشلەر پىشىپ تۇراتتى. مەن بوۋايغا ئەدەپ بىلەن سالام بەردىم. بوۋاي سالىمىمغا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، بىر چىنە تاماق تەلەپ قىلدىم.

— مەن ماڭالمايمەن، سەن مېنى كۆتۈرۈپ قازان بېشىغا ئېلىپ بارغىن، — دېدى. مەن بوۋاينى بالىنى كۆتۈرگەندەكلا كۆتۈرۈپ ئەكېلەي دېگەنىدىم، بوۋاي:

— ياق، ھاپاش قىلغىن، — دېدى. ماقۇل، دەپ ھاپاش قىلدىم.

بوۋاي ھاپاش بولغاندىن كېيىن، ئوڭ پۈتىنى بىرلا تاش-

لىغانىدى، پۇتى سوزۇلۇپ بېلىمگە يەتتە ئۇرالدى. سول پۇتى-
نى ھەم بىر سىلكىگەنىدى، ئۇمۇ يەتتە ئۇرالدى. بۇۋاي دۈم-
بەمگە چەمبەرچاس باغلاندى. بوۋاينى كۆتۈرۈپ، قازان بېشىغا
ئېلىپ باردىم. ئۇ ماڭا تاماق ئۇسۇپ بەرمىدى. ئۇنىڭ ئادەم
ئەمەس، رودۇپاي ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا بىلدىم. شورپىلارنى
ئۆزۈم ئۇسۇپ ئىچتىم، قورسىقىم تويغاندىن كېيىن يەنە يول-
غا راۋان بولدۇم. دۈمبەمدە رودۇپاي بار ئىدى. دەشت - با-
ياۋانلاردىكى رودۇپايلارمۇ كەينىمگە ئەگىشىۋالدى، قېرى ئۆل-
سە، ھاپاش بولىمىز، دېگەندەك قىلىشاتتى. شۇنداق قىلىپ،
مۇشكۇلدە بىر ئورمانغا ئاران يېتىپ كەلدىم. ئۈجمىلەر پى-
شىپ مەي باغلاپ كەتكەن، چوڭ بوغما قاپاقلارمۇ سارغىيىپ
پىشقانىدى. ئۈجمىلەرنى يىغىپ، چوڭ قاپاقلارغا سىقىپ سۇ-
يىنى ئالدىم. بۇلارنى كۈنلۈكى كۈنگە قاقلاپ ئېچىتىپ، مۇ-
سەللەس قىلىپ ئىچتىم. بۇ-
نى كۆرگەن رودۇپايلارمۇ ئى-
چىدىغان بولدى. بۇ ئورۇندا
قانچىلىك كۈنلەر تۇرۇپ
قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن.
ئىشقىلىپ، مۇسەللەسنى رو-
دۇپايلارنىڭ ئىچكەنلىكىنى
كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا
كۆپرەك ئىچكۈزىدىغان بول-
دۇم. ئۇلار كەيپ بولۇشۇپ
ئۇخلايدىغان بولدى. مەن بۇ
چارە بىلەن ئۇلاردىن قېچىپ
قۇتۇلدۇم. ئادەمزات بار ما-
كاننى ئىزدەپ، نەچچە كۈنلەپ



يۈرۈپ كەتتىم. مېنىڭ يۇرتۇم نەدە، قاياققا ماڭىمەن، ئېنىق بىلمەيتتىم. بىر كۈنى بىر ئورمانغا بېرىپ قالدىم. بۇ ئورمان مايمۇنلار ماكانى بولۇپ، نۇرغۇن مايمۇنلار مېنى تۇتۇۋېلىپ، يالاپ، پادىشاھىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. مايمۇن پادىشاھى چىشى مايمۇن ئىكەن. ئۇ مېنى ئەڭ يۇقىرىدا ئولتۇرغۇزدى.

— كېلىڭ، مېھمان، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ يېنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ، — سىز بىزنىڭ يۇرتىمىزغا قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭىز؟

— مەن يۇرتۇمدىن سەپەرگە چىقىپ، يول ئادىشىپ كېلىپ قالدىم.

— سىزنىڭ بىز تەرەپلەرگە كېلىشىڭىزنى تەقدىر نېسىپ قىپتۇ، يۇرتىمىزدا ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ يۇرتىمىزدا قىرىق مىڭ مايمۇن بار. بۇنداق بىرقانچە يۇرتلىرىمىز بولۇپ، ھەرقايسىسىدا قىرىق مىڭدىن مايمۇن بار. مېنىڭ ئېرىم ھەممىسىنىڭ پادىشاھى ئىدى. ئۇ ئۆلدى، ھازىر ئۆزۈم پادىشاھلىق قىلىۋاتىمەن. سىز مېنى ئۆز ئەمرىڭىزگە قوبۇل قىلىپ ئېلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. بەرىبىر سىز كېتەلمەيسىز.

مەن ھازىر بۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ، ئىلاجسىز ماقۇل بولدۇم. مايمۇنلار شاھى توي ھەققىدە ئەمر قىلغانىدى، مايمۇنلار جاڭگال يەل - يېمىشلىرىنى يىغىپ توي ھازىرلىقىنى پۈتتۈردى. ئۇ مايمۇنلارغا ئۆز ئادىتى بويىچە توي قىلىپ بەردى. بىر يىلدىن كېيىن مايمۇن ئايالىمغا، ماڭا رەھمى قىلىپ، مېنى يولغا سېلىپ قويۇشنى، بالا - چاقىلىرىم بار ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا:

— بوپتۇ، بۇ يەردە ئۆمۈرلۈك تۇرمىسىڭىز مەيلى. بىراق، ھازىر مەن ھامىلىدار، بالا تۇغۇلغاندا، ئوغۇلمۇ، قىز-

مۇ، كۆرۈپ كېتىك، — دېدى. مەنمۇ ماقۇل بولدۇم. ئاي - كۈن توشۇپ، يەڭگىدى. ئايالىم قىز تۇغقانىدى.

— قىزىمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن، ئەمدى مەن كېتەي، — دېدىم.

— دېگىنىڭىز بولسۇن، لېكىن بۇ قىزىڭىز «ئاپا، دادا» دېگۇدەك بولغاندا كېتىڭ، — دېدى. بۇنىڭغا قانچە نارازى بولغان بولسامۇ، ئۇنىمىدى. ئۇ ۋاقىتنى ئۇزارتىشنىڭ ئاما-لىنى قىلاتتى، مەن قېچىش پەيتىنى تاپالمايتتىم. قىزىمىز ئاخىر: «ئاپا، دادا» دېگۇدەك بولدى. يەنە مەن كېتىشكە رۇخ-سەت سورىدىم. ئۇ:

— بۇنى ياتلىق قىلغۇچە تۇرۇڭ، — دېدى. ئۇنىڭ مېنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن يولغا سالمايدىغانلىقىنى بىلدىم، قېچىش قارارىغا كەلدىم. يۇرتتىكى مايمۇنلارنىڭ جاڭگالغا يەل - يېمىش يىغىش ئۈچۈن كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ئەپلەپ - سەپلەپ بۇ ماكاندىن يىراقلىشىپ، تەۋەككۇل، دەپ يولغا ئاتلىنىپ قاچتىم، ئالدى - كەينىمگە قارىماي، بار كۈچۈم بىلەن قاچ-تىم. بىرقانچە چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن، كەينىمدىن ۋارقىرىغان ئاۋاز كەلدى، مەن تېخىمۇ تېزرەك قاچتىم. ئۇ:

— توختا! بۇ بالا سېنىڭ بولامدۇ ياكى مېنىڭ بولامدۇ؟ — دېدى. مەن:

— سېنىڭ بولسۇن، سېنىڭ بولسۇن، — دەپ قولۇمنى پۇلاڭلىتىپ كېتىۋەردىم، قۇتۇلغىنىمغا خۇشال ئىدىم. بىر-نەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن بىر قوي پادىسىغا يولۇقتۇم، بىراق قوي بېقىۋاتقان چوپان دىۋە ئىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ:

— ھە، خوجا سېلىم، كەلدىڭمۇ؟ — دېدى.

ئۇ قويلىرىنى ھەيدەپ مېنى ئۆزى بىللە ئېلىپ ماڭدى، قويلارنىڭ ھەممىسىنى چوڭ بىر غارغا قامىدى، غار

ئاغزىنى يوغان تاش بىلەن ئېتىپ قويدى، مېنى كىچىك بىر غار ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، ئادەملەر قاتارىغا قوشۇپ قويدى. غاردىكى كىشىلەر قىرىق ـ ئەللىكچە بولۇپ، ئۇلار: «مەن ئو-رۇق، ئۇ سېمىز» دەپ چۇرقىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ قولى مەھكەم باغلاقلىق ئىدى. مېنىڭمۇ قولۇمنى باغلاپ قويدى. «سەن ھا-زىرچە بىرنەچچە كۈن مېھمان» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن دىۋە غارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوت يېقىپ، ئىككى ئاچىماق زىخنى ئوت-قا تاشلىدى. زىخ قىزىغاندىن كېيىن قوتاندىكى بىر قوينى ئېلىپ كىردى. زىخنىڭ بىر تەرىپىگە قوينى، بىر تەرىپىگە بىر ئادەمنى ئۆتكۈزدى، ئۇ ئادەم خىرقىراپ ـ چىرقىراپ، ئوت ئۈستىدە جان بەردى. بۇلارنى ياخشى كاۋاپ قىلىپ، قوي گۆشى بىلەن ئادەم گۆشىنى ئارىلاشتۇرۇپ يېدى. ئۆلمەسلىد-كىمىز ئۈچۈن قوي گۆشىدىن ئاغزىمىزغا ئاز ـ ئازدىن چىشلىتىپ قويدى. دىۋىنىڭ قارنى تويغاندىن كېيىن، زىخنى ئوتقا تاشلاپ ئۇيقۇغا كەتتى. مەن باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن قولۇمنى يەشتىم، زىخمۇ ئوتتا قىزىپ چوغدەك تەييار بولغا-نىدى، مەن زىخنى دىۋىنىڭ كۆزىگە چەنلەپ تۇرۇپ بار كۈچۈم بىلەن تىقتىم، دىۋە ئورنىدىن چاچراپ تۇرغانچە:

— خوجا سېلىم، بۇ سېنىڭ قىلغان ئىشىڭ ! — دەپ، مېنى قوغلاشقا باشلىدى. غارنىڭ ئىشىكى تاش بىلەن ئېتىپ قويۇلغانلىقى ئۈچۈن قوي قورۇسىغا چىقىۋالدىم. ئۇمۇ قوي قورۇسىنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇۋېلىپ، قويلارنى بىر ـ بىرلەپ چىقىرىشقا باشلىدى. قويلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ بىردىن ئىسمى بار ئىدى، قويلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىردىن سىلاپ چىقىراتتى. مەن يوغان بىر قوينىڭ تېرىسىنى ئۆزۈمە-گە يۆگىۋالدىم. بەختىمگە يارىشا، مەندىن باشقا قوي قالماپ-تىكەن، يەنە چاقىرغانىدى، مەن باردىم، دۈمبەمنى سىلاپ

پەرق ئېتەلمەي مېنىمۇ چىقىرىۋەتتى. قويلارنى چىقىرىمەن، دەپ غارنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتكەندە، قويلارمۇ، ئادەملەرمۇ چىقىپ كەتكەندى. مەنمۇ چىقىۋالدىم. دىۋە ئەمدى بىزنى تاپالمايتتى. غاردىن ئامان ـ ئېسەن چىقىۋالغان ئادەملەر مەندىن مىننەتدار بولۇشۇپ، مەن بىلەن ھەمسەپەر بولۇشتى. يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرگەندىن كېيىن، ھەرقايسىسى ئۆز ماكانلىرىغا راۋان بولدى. مەنمۇ ئۆز ماكانىمغا كېلىپ ئىشىكنى قاقتىم. ئايالىم ئۆيدىن:

— كىم؟ — دەپ ۋارقىراپ چىقتى. تۈن قاراڭغۇ ئىدى. ئۈنۈمدىن تونۇپ، ئىشىكنى ئاچتى. بىز كۆرۈشتۇق. ئۆيگە كىرسەم تېخىمۇ قاراڭغۇ بولۇپ، ھېچكىمنى كۆرگىلى بولمايتتى، چىراغنى ياندۇرغۇدەك نەرسە يوق ئىدى. ئۆيىمىزنىڭ ئۇدۇلىدىكى قوشنىمىز باققال بولۇپ، دۇكىنىدا چىراغ يېنىپ تۇراتتى. مەن چىراغنى كۆتۈرۈپ ياندۇرۇش ئۈچۈن دۇكانغا كىرگىنىمدە، باققال:

— ۋاي ئوغرى ! — دەپ چۇقان كۆتۈردى. بازار ياساۋۇللىرى مېنى تۇتۇپ ئوردىغا ئېلىپ كەلدى، مېنىڭ نالەـزارىمنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. شۇنىڭدىن بېرى مانا يىگىرمە يەتتە يىل ئۆتتى، مەن زىنداندا ياتتىم. مېنى سۈرۈشتۈرگەن بىرمۇ كىشى بولمىدى. بۈگۈن جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن زىنداندىن خالاس بولدۇم، — دەپ خوجا سېلىم سەرگۈزەشتىسىنى تۈگەتتى. پادىشاھ خوجا سېلىمنىڭ بۇ سەرگۈزەشتىسىگە ھەيران بولۇپ:

— نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرۈپسىز، زىنداندا ئۇزۇن مۇددەت بىگۇناھ يېتىپسىز، بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ھىمايىمىزدە دەم ئېلىپ ياتقايسىز، — دەپتۇ. خوجا سېلىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئارامخۇدا ياشاپتۇ.

# ئادىمىي شەيتان

قەدىمكى بىر زاراتگاھلىقتا چوڭ بىر گۈمبەز بار ئىكەن، بۇ گۈمبەز ئىچىگە ئالەمدىن ئۆتكەن چوڭ ئۆلىمالار قويۇلغانىكەن. جۈمە كۈنى كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ تاۋاپ ۋە دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىكەن. بۇ گۈمبەزدە ئىككى ئەما شەيخ بار ئىكەن. بۇ ئىككىسى كىشىلەر ئەكەلگەن تائاملارنى، قۇيماق، پوشكاللارنى تەڭ يەپ مازاردا ناھايىتى توق، باياشات ئۆتىدىكەن. بۇ ئىككى ئەما شەيخنىڭ باياشات تۇرمۇشى شەيتاننىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغاپتۇ. شەيتان، كىشىلەرنىڭ خەير - ساخاۋەت قىلىپ ئەكەلگەن مەززىلىك تائاملىرىنى بۇ ئىككى كور يەپ، توق، خاتىرجەم ياشايدىكەن. خەپ، ئۇلارنىڭ قاچىسىدىكى تائاملارنى ئەپلەپ تارتىۋالمىسام، دەپ ئويلاپتۇ ۋە دەرھال ھەرىكەت قىلىشقا كىرىشىپتۇ.

بىر كۈنى شەيتان ئىككى شەيخنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋاپتۇ - دە، بىرىنىڭ ئالدىدىكى تائامنى تۇيدۇرماي يەۋاپتۇ. بۇنى سەزمىگەن ئىككى شەيخ: «بۇ تائام بەكمۇ مەززىلىك ئىكەن، شۇڭا ئاز ئەكېلىپ بىرىمىزنىڭ ئالدىغىلا قويۇپتۇ - دە» دېيىشىپتۇ. ئىككىنچى قېتىم شەيتان يەنە بىرىنىڭ ئالدىدىكى تائامنى تۇيدۇرماي يەۋاپتۇ. بۇنى ئەما شەيخلەر تۇيماپتۇ.

— بۇگۈن مېنىڭ ئالدىمدا تائام يوققۇ؟ — دەپ ئەتراپىنى

ھاسىسى بىلەن تىنتىپتۇ بىر شەيخ غەزەپكە كېلىپ.

— مېنىڭ ئالدىمدا بار، كەل، بۇنى تەڭ يەيلى، — دەپ-تۇ ئىككىنچى شەيخ، — كىشىلەردىن ئىنساپ كۆتۈرۈلۈپ، سەدىقە قىلىش ئازىيىپ كېتىۋاتامدۇ، نېمە؟

— شۇنداق، بىر بالاسى بار، ئەزىزىم، — دەپتۇ بىرىنچى شەيخ.

شەيتان بۇ ئىشنى ئىككى-ئۈچ كۈن داۋام قىپتۇ. ئەمما، ئىككى ئەما شەيخ بىر چىنە ئاشنى ياكى بىر قۇيماقنى تەڭ بۆلۈپ يەپ، يەنىلا باياشات، خۇشال ھايات كەچۈرىۋېرىپ-تۇ.... بۇنى كۆرگەن شەيتان ئىچ-ئىچىدىن بوغۇلۇپ، ھەسەتخورلۇقى ئۆرلەپ، ئاچچىقىدا كوچىدا ئۆز-ئۆزىگە سۆز-لەپ كېتىۋېتىپ، بىر نەشىكەش بەڭگىگە ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ راسا چېكىپ، ئوبدان كەيپ بولۇپ شەھەرگە قاراپ كېتىۋاتقا-نىكەن، ئۇنى كىشىلەر «ئادىمىي شەيتان» دەيدىكەن، چۈنكى ئۇ مازار ۋە ئەسكى تاملىقلاردا يوشۇرۇنۇپ نەشە چېكىپ يۈ-رىدىكەن ھەم ھەرقانداق ھىيلە، يامانلىقتىن قايتمايدىغانلار قوۋمىدىن ئىكەن. ئۇ شەيتاننى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— شەيتان، سەۋدايىدەك سۆزلەپ قاپسەنغۇ؟

— سۆزلىمەي قانداق قىلاتتىم، — دەپتۇ شەيتان ھەس-رەتلىك شىكايەت قىلىپ، — بۇ گۇمبەزدىكى ئىككى كور شەيخ مېنىڭ رىزقىمغا چاڭ سېلىپ، سەدىقە قىلىنغان ئاش ۋە قۇيماقلارنى يەپ كېتىۋاتقاچقا ماڭا ھېچ نەرسە تەگمەيۋاتىدۇ.

— ئاشۇ ئىككى كورنى ئەپلىيەلمىدىڭمۇ؟

— ھېچ ئەپلىيەلمىدىم. بىرىنىڭ ئالدىدىكى تائامنى تار-تىۋالسام، ئىككىنچىسىنىڭكىنى بۆلۈشۈپ يەپ: «بۇگۈنكى تا-ئامنىڭ بارىغا شۈكۈر، ئاز بولسىمۇ، مەززىلىككەن» دېيىشىپ دۇئاسىنى قىلىپ ياتىدۇ.

— ئەخمەق شەيتان، — دەپتۇ ئادىمىي شەيتان، — ئۇلارنى ئاكاڭ قارىغايغا كۆرسەتكىن، مەن شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن جايلايكى، ھەر ئىككىسىنىڭ تائامى يالغۇز ساڭىلا قالىدۇ. ئۇ چاغدا سەن ماڭا نېمە بېرىسەن؟

— سېنىڭ دېگىنىڭنى بېرەي! — دەپ ۋەدە قىپتۇ شەيتان. شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى كېلىشىپ، ئۇدۇل مازارغا بېرىپتۇ، بۇ ئىككى شەيخ تائام كۇتۇپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ: «ئىنساپلىق مۆمىن بەندىلەر، قىلغان سەدىقەڭلەرنىڭ ھەققى ئۇچۇن ئاللاتائالا سىلەرگە جەننەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشۈپتۇ.

ئادىمىي شەيتان كېلىپ بۇ ئىككى شەيخنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بىرىنچى شەيخنىڭ ئوڭ مەڭزىگە بىر كاچات سايپتۇ ـ دە:

— سېنىڭ رىزقىڭنى مۇنۇ شەيخ بۇرادىرىڭ قوشۇپ



يەۋالدى، — دەپتۇ. ئاندىن كېيىن يەنە ئىككىنچىسىنىڭ سول مەڭزىگە بىر كاچات سېلىپ:

— سېنىڭ ئالدىڭدىكى تائامنى مۇنۇ بۇرادىرىڭ قويماي يەۋالدى، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى شەيخ بىر - بىرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، كۇلاھلىرىنى ئېلىپ تاشلىشىپ، چاچلىرىنى يۇڭدىشىپ، جەڭگى - جېدەل قىلىپ هالى قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقى بۇزۇلۇپ، دۈشمەنلىشىپتۇ...

— كۆردۈڭمۇ، ئەخمەق شەيتان! — دەپتۇ ئادەمىي شەيتان ئەما شەيخلەرنىڭ خورجۇن - خالتىلىرىغا يىغىلغان يېمەكلىكلەرنى شەيتانغا سۇنۇپ، — هازىر ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا قارىغۇدەك هالى يوق. مەنپەئەتلىرىگە ئازراق تەسىر يېتىدىغان گەپ بولۇۋىدى، ئىناقلىقى بۇزۇلۇپ، دۈشمەنلەشتى. مانا ئەمدى مازارنىڭ سەدىقە تائاملىرى ساڭا تەئەللۇق بولدى.

— قۇللۇق، — دەپتۇ شەيتان قول قوشتۇرۇپ، — ئادەمىي شەيتاننىڭ هىيلە - مىكرىگە قول قويدۇم! ئەمدى سېنىڭ ئۇچۇن هېچنېمىنى ئايىمايمەن! — دەپ بىر كاللەك نەشە بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىنسانلار ئارىسىدا «ئادەمىي شەيتان هەممە شەيتاندىن يامان» دېگەن ماقال تارقىلىپتۇ.



# ئەل قىلغاننى قىل بالام

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ دۇنيادا بار ـ يوقى بىرلا ئارزۇلۇق ئوغلى بولغانىكەن. شاھ ھەر كۈنى سەھەردە شاھزادىنىڭ ئالدىغا كىرىپ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ: «ئەل قىلغاننى قىل، بالام» دەپ نەسىھەت قىلىدىكەن. بۇ ئىش تا شاھزادە بالىغ بولغۇچە داۋاملىشىپتۇ.

بىر كۈنى شاھزادە پادىشاھقا شەھەرنى تاماشا قىلغۇسى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشنى ۋەزىرگە تاپشۇرۇپتۇ. ۋەزىر شاھزادىنى ھەشەمەتلىك مەپە بىلەن شەھەرنى تاماشا قىلدۇرۇپتۇ. شاھزادە سەيلە قىلىپ كېتىۋېتىپ، بىر باغ يانتاقنى يۈدۈۋالغان بالىنىڭ يولنىڭ چېتىگە چىقىپ ھاردۇق ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ بالىنىڭ ئەڭلى جۇل ـ جۇل، يانتاقنىڭ تىكەنلىرى دۈمبىسىنى قانتىۋەتكەن، چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەنىكەن. شاھزادە بۇ بالىغا بىر تىللا بېرىپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. شاھزادە ئىككىنچى قېتىم شەھەر ئارىلاپ سەيلە قىلىپ يۈرگەندە، بۇ يانتاق كۆتۈرۈۋالغان بالىنى يەنە ئۇچرىتىپتۇ ـ دە، بىر تىللانى بېرىپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۈچىنچى قېتىم شاھزادە بۇ بالىنى يەنە ئۇچرىتىپتۇ ۋە بالىنى چاقىرتىۋېلىپ سىنچىلاپ قاراپتۇ. بالىنىڭ تەقى ـ تۇرقى، چىراي ـ شەكلى، ياش قۇرامى ئۆزى بىلەن

ئوخشاش ئىكەن. شاھزادە بالىغا بىر تىللانى بېرىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئوردىغا بېرىشنى تاپىلاپتۇ. يانتاقچى بالا ئەتىسى ئەتىگەندە ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىپتۇ. قاراۋۇللار بالىنى قوغلاپتۇ. شۇ چاغدا شاھزادە كېلىپ قېلىپ، يانتاقچى بالىنى ئوردىغا ئەكىرىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە ئوتۇنچى بالىنى يۇيۇندۇرۇپتۇ، چاچلىرىنى ئالغۇزۇپتۇ، يېڭى كىيىم كىيگۈزۈپتۇ، تۈرلۈك نېمەتلەر بىلەن غىزالاندۇرۇپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ھال - ئوقىتىنى، ئاتا - ئانىسىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ شاھزادىلىك كىيىمىمنى كىيىپ، مۇشۇ ئوردىدا تۇرىسەن، شاھ ئاتام ھەر كۈنى ئەتىگەندە كىرگەندە سالام بېرىپ ئورنۇڭدىن تۇرىسەن. ئۇ پېشانەڭگە بىرنى سۆيۈپ: «ئەل قىلغانىنى قىل، بالام» دەپ چىقىپ كېتىدۇ. سەن مۇشۇنىلا ئورۇندىساڭ بولدى. مەن سېنىڭ ئۆيۈڭگە بېرىپ بىرقانچە كۈن ئوتۇن توشۇيمەن.

شاھزادە ئوتۇنچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. شاھزادىنى ئۆز ئوغلى دەپ بىلگەن ئوتۇنچى:

— سەن ئىككى كۈندىن بېرى يانتاق ئېلىپ كەلمەي نېمىش قىلدىڭ - ھە؟ — دەپ، خاپىچىلىقتا شاھزادىنىڭ كاچىتىغا بىرنى ساپتۇ، ئۇنى ئورغاق، ئارقانىنى كۆتۈرتۈپ يانتاق توشۇشقا ساپتۇ. شاھزادە يانتاقلىقتا ئازراقمۇ يانتاق ئورالماپتۇ.

— ئىككى كۈندىلا قىلىدىغان ئىشىڭنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟ — دەپ بوۋاينىڭ ئوغىسى قايناپتۇ.

شاھزادە قولىغا تىكەن كىرىپ قاناپ كەتسىمۇ چاندۇرماي، مىڭ تەسلىكتە بىر باغ يانتاقنى ئورۇپتۇ. ئۇنى يۇدۇپ بازارغا ئاپارغۇچە، دۈمبىسىگە تىكەن كىرىپ ئاققان قان تې-

قىملىرىغىچە يېتىپتۇ. ئۇ شۇ ھالدا بازارغا كەپتۇ. خېرىدار قىياپىتىگە كىرىۋالغان بىر قاراقچى ئوتتۇنچى بوۋايغا بىر باغ ياغاقنىڭ پۇلىنى تۆلەپ، ياغاقنى شاھزادىگە كۆتۈرتكۈزۈپ مېڭىپتۇ. خالىيراق جايغا بارغاندا بالىنى باغلاپ تۆگىگە ئارتىپ، باشقا بىر شەھەرگە ئەكېتىپتۇ ۋە ئۇ شەھەردە شاھزادىنى ئۆمرىدە بالا يۈزى كۆرمىگەن بىر سودىگەرگە سېتىپتۇ. سودىگەر بالىنىڭ چىرايى ۋە كېلىشكەن قەددى - قامىتىگە مەھلىيا بولۇپ، ئېسىل كىيىندۈرۈپتۇ ۋە ئۆزىگە بالا قىلىۋاپتۇ، شاھزادىنى مەدرىسىگە ئوقۇشقا بېرىپتۇ. ئۇ مەدرىسىگە بارغۇچە شۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ قىزى سەيلە قىلىدىغان چارباغ يېنىدىن ئۆتىدىكەن. شاھزادە چارباغ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، سەيلىدىن قايتقان ھۆسن - جامالى تەڭداشسىز گۈزەل مەلىكە قىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىشق ئوتى تۇتىشىپتۇ.

شاھنىڭ قىزىمۇ بۇ شاھزادىنى بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار ھەر كۈنى چارباغدا ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان، پەيتنى كەلتۈرۈپ بىللە سەيلە قىلىدىغان، مۇڭدىشىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن بىر يىل



ئۆتۈپتۇ، شاھزادە ئەقىل ـ پاراسەتكە راسا تولۇپتۇ.

بىر كۈنى سودىگەر نۇرغۇن تۆگىگە مال ئارتىپ، يىراق يۇرتلارغا سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. شاھزادە سودىگەرنىڭ دۇكىنىدىكى سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا قاراپ قېپقاپتۇ.

كۈنلەر كەينىدىن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى شاھزادە دۇكاندا ئولتۇرسا، بىر بوۋاي كېلىپ:

— بىر گېپىم بار، بىر تىللا بەرگەنگە دەپ بېرىمەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— قېنى دەپ باق، — دەپتۇ شاھزادە.

— تىللانى ئالماي تۇرۇپ دېمەيمەن، — دەپتۇ بوۋاي. شاھزادە ھەمىيىنىدىن بىر تىللانى ئېلىپ بېرىپتۇ.

— ئامانەتكە خىيانەت قىلما، — دەپتۇ بوۋاي ۋە يولغا راۋان بوپتۇ.

بوۋاي ئەتىسى دۇكان ئالدىغا يەنە كېلىپ:

— ئۆتكەنكىدىنمۇ مەنىلىك بىر گېپىم بار، ئۇنىمۇ بىر تىللا بەرگەنگە دەپ بېرىمەن، — دەپتۇ. شاھزادە ھەمىيىنىدىن بىر تىللانى چىقىرىپ بېرىپتۇ.

— ۋەدىگە ۋاپا قىل، — دەپ قويۇپلا كېتىپتۇ بوۋاي.

بوۋاي ئۈچىنچى كۈنىمۇ يەنە دۇكان ئالدىغا كېلىپ:

— بىر ئېغىز گېپىم بار، بىر تىللا بەرگەنگە دەپ بېرىمەن، — دەپتۇ. شاھزادە، ھەر مەرتەم ئۈچ مەرتەم، بۇنىمۇ ئاڭلاپ قالاي، دەپتۇ ـ دە، بوۋايغا يەنە بىر تىللا بېرىپتۇ. بوۋاي:

— ھەركىم قىلسا، ئۆزىگە قىلىدۇ، — دەپتۇ ـ دە، يولغا كېتىپتۇ.

شاھزادە بۇ ئۈچ ھېكمەتلىك گەپنى دىلىغا مەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇۋاپتۇ.

شاھزادە سودىگەرنىڭ ئۆيىدە يۈرۈپ راسا قۇرامىغا يېتىپتۇ. شاھزادىگە سودىگەرنىڭ ياش خوتۇنىنىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ، شۇڭا شاھزادىنى بەك قەدىرلەپ كۈتۈپتۇ، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالماقچى بوپتۇ، لېكىن شاھزادە ئۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلماپتۇ. سودىگەرنىڭ ياش خوتۇنى ئاخىر شاھزادىنىڭ كېچىسى ئۇخلاۋاتقان مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ قوينىغا كىرىۋاپتۇ. شاھزادە ئويغىنىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ سودىگەرنىڭ ياش خوتۇنى ئىكەن. شاھزادە بۇ خوتۇننى ئۆيدە قالدۇرۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇلار ئارىسىدا نىزا پەيدا بولۇپ، پاراڭلاشمايدىغان، بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يېمەيدىغان بوپتۇ. سودىگەرنىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ شەرمەندىچىلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، شاھزادىنى كۆزدىن نېرى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ. شۇنداق كۈنلەردە، سودىگەرمۇ سەپەردىن قايتىپ كەپتۇ. سودىگەرنىڭ خوتۇنى «سەن تاز دېگۈچە، مەن تاز دەۋالاي» دېگەندەك قىلىپ، شاھزادىنى ئېرىگە چېقىپتۇ:

— بالا باقماي بالا ـ قازا بېقىپسەن، سەن كەتكەندىن بېرى ماڭا ئازاب سالدى، زورلۇق قىلىپ قوينۇمدا ياتتى.

سودىگەر دەرغەزەپكە كېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئۆز خۇمدانچىسىنى چاقىرتىپ:

— تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ خۇمدانغا بىرى كېلىدۇ. كەلگەن ھامان گەپ ـ سۆز قىلمايلا ئوتقا تاشلىۋېتىڭلار، — دەپتۇ.

سودىگەر شاھزادە بىلەن چاندۇرماي كۆرۈشۈپ، ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن خۇمدانغا بېرىپ ھېساب ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ كېلىشنى تاپىلاپتۇ.

شاھزادە ئەتىسى تاڭ سەھەردە خۇمدانغا مېڭىپتۇ، مې-

ڭىپتۇيۇ، توختاپ قاپتۇ. ئۇ شاھنىڭ قىزى بىلەن شۇ كۈنى ئەتىگىنى ئۈچرىشىشنى ۋەدىلەشكەنىكەن. شاھزادە بىر تىللاغا سېتىۋالغان «ۋەدىگە ۋاپا قىل» دېگەن سۆزنى ئەسلەپ، ئالدى بىلەن چارباغقا قاراپ مېڭىپتۇ. سەھەردىكى بۇلبۇللارنىڭ ناۋاسى ئىچىدە شاھ قىزى شاھزادىنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇلار دىدارلىشىپ، بۇلبۇل ناۋاسىدىن ھۇزۇر ئاپتۇ. ئاندىن شاھزادە قىز بىلەن خوشلىشىپ خۇمدان تەرەپكە يۈرۈپ كېتىپتۇ.

سودىگەرنىڭ خوتۇنى شاھزادىنىڭ ياش جېنىغا ئىچىنىپ، ئۇنى باشقا ياققا يولغا سېلىۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقى-سىدىن قوغلاپ خۇمدانغا بېرىپتۇ. خۇمدانچىلار بىرىنچى بولۇپ كەلگەن بۇ خوتۇننى تۇتقان پېتى ئوتقا تاشلىۋېتىپتۇ. شاھزادە سودىگەرنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنداپ يېنىپ كەپتۇ. سودىگەر بۇ-نى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. سودىگەر خۇمدانچىلاردىن سۈرۈشتۈ-رۈپ، ئۇلارنىڭ خۇمدانغا بىرىنچى بولۇپ كەلگەن ئۆزىنىڭ خو-تۇنىنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئۇقۇپتۇ. سودىگەر خوتۇنىنىڭ خۇمدانغا بارغانلىقىدىن، بۇ ئىش شۇ خوتۇننىڭ ھىيلىسى ئوخ-شايدۇ، دەپ گۇمانلىنىپ، ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى شاھزادىدىن سۈرۈشتۈرمەكچى بوپتۇ.

— بۇ ئىشتا زادى كىم ئەيىبلىك؟ — دەپ سوراپتۇ سودىگەر شاھزادىدىن.

شاھزادە بولغان ئىشلارنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— مەن سىزنىڭ دۇكىنىڭىزدا تۇرغاندا، بىر بوۋاي: «بىر گېپىم بار، بىر تىللا بەرگەنگە دەپ بېرىمەن» دېدى. ئۈچ قېتىمدا ئۈچ تىللا بەردىم. بوۋاي: «ئامانەتكە خىيانەت قىلما؛ ۋەدىگە ۋاپا قىل؛ ھەركىم قىلسا، ئۆزىگە قىلىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك گەپلەرنى دەپ بەردى. بۇنى دىلىمغا پۈكتۈم. خو-

تۇنىڭىز ماڭا شەرمەندىلىك قىلىشقا ئۇرۇنغاندا، ئامانەتكە خى-يانەت قىلىشنى راۋا كۆرمىدىم، مەن خۇمدانغا ماڭغاندا، پادى-شاھنىڭ چارباغدىكى قىزى بىلەن كۆرۈشۈشنى ۋەدىلەشكىنىم ئېسىمگە كەلدى - دە، ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ، ئالدى بىلەن شۇ يەرگە باردىم. بەلكىم خوتۇنىڭىز مېنىڭ بىگۇناھلىقىمنى، ياشلىقىمنى ئويلاپ، مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالماقچى بولغاندۇ. مەن خۇمدانغا يېتىپ بارغۇچە ئۇنى ئاللىقاچان خۇمدانغا تاشلاپ بوپتۇ. شۇ چاغدا مەن: «ھەركىم قىلسا، ئۆزىگە قىلى-دۇ» دېگەننىڭ ھېكمىتىنى چۈشەندىم.

— ئەي ماڭا خەيرخاھلىق قىلغۇچى سودىگەر ئاتا، — دەپتۇ شاھزادە سۆزىنى داۋام قىلىپ، — مەن بىر ئەلدىكى پادىشاھنىڭ بىردىنبىر شاھزادىسى بولىمەن. شاھ ئاتامنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە: «ئەل قىلغاننى قىل، بالام» دېگىنى بو-يىچە ئوتۇنچى بالىنىڭ ئىشىنى قىلىپ كۆرۈشنى ئۆزۈمگە راۋا كۆردۈم. ئاخىر مانا سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تۇرۇپتىمەن.

سودىگەر چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە شاھزادىنىڭ قورقماس جا-سارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. سودىگەر شاھزادىنى ئۆز يۇرتىغا ئاپىرىپ پادىشاھقا تاپشۇرۇپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ ئۆز نە-سىھىتى بويىچە، ئەل قىلغاننى قىلغانلىقىغا بەكمۇ خۇشال بوپتۇ، سودىگەرنىڭ سەمىمىيلىكىگە رەھمەت ئېيتىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھ ھېلىقى سودىگەرنىڭ يۇر-تىنىڭ پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىپتۇ. شاھزادە بى-لەن ئۇنىڭ قىزىنىڭ تويى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. ئاندىن پادىشاھ تەختىنى شاھزادىگە ئۆتۈنۈپتۇ. ئوتۇنچى بالا بۇ شاھزادىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بوپتۇ. شاھزادە سودىگەرگە نۇرغۇن بايلىق ئىنئام قىپتۇ.

# ھەسنەم ۋە گۈلپەرى

بۇرۇنقى زاماندا، مەغرىب تاماندا مەھمۇد، ھاۋاخان ئىسىملىك بىر ئەر - خوتۇن ئۆتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ ئىككى ئېغىز كەپىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق بولۇپ، تۇمىقى چۇشسە خۇدانىڭ زېمىنىغا چۇشىدىكەن. ئۇلار مەھەللىدىكى كاتتا بىر باينىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىپ تۇرمۇشىنى سېرىقتال ئۆتكۈزىدىكەن.

ئۇلارنىڭ ھەسنەم ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، تولىمۇ ئىشچان ئىكەن، ئاتا - ئانىسىمۇ ئۇنىڭغا ئامراق ئىكەن. باھار كېتىپ ياز كەپتۇ. ھەسنەممۇ ئون تۆت ياشقا كىرىپ قاپتۇ. ئورما باشلانغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھەسنەم دادىسى بىلەن بىللە بۇغداي ئورۇش ئۇچۇن ئېتىزلىققا بېرىپتۇ ۋە ئورمىغا چۇشۇپ كېتىپتۇ. ھەسنەم ئورما ئورۇشتا دادىسىدىن قېلىشماپتۇ. دادىسىمۇ ئۇنىڭدىن كۆپ رازى بوپتۇ. ھەسنەم كەچكىچە ئىشلەپ، ھېرىپ ئۆرە تۇرغۇچىلىكى قالماپتۇ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، قىر بېشىدا ئولتۇرۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن دادىسىنىڭ ئوغلىغا ئىچى ئاغرىپ:

— ئوغلۇم، سەن ئۆيگە بېرىپ ئارام ئالغىن، مەن قالدى بۇغدايلارنى ئورۇۋېتىپ ئارقاڭدىن يېتىپ بارىمەن، — دەپتۇ.
ھەسنەم كۆزىنى ئاران ئېچىپ:

— ياق، دادا، سىز بۇنچىلىك ئىشنى تۇگىتەلمەيسىز، — دەپتۇ - دە، ئورنىدىن تۇرماقچى بوپتۇ، ئەمما ئورنىدىن تۇرالماپتۇ. دادىسى ئۇنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ئىتىز بېشىدىكى قېرى سېدە تۇۋىگە ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئالدىراپ ئۆز ئىشىغا كېتىپتۇ. ھەسىنەم بىرپەستىن كېيىن تاتلىق ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇ. شۇ ھامان ئۇنىڭ ئۇستىدە ھەيۋەتلىك بىر قۇش پەيدا بوپتۇ - دە، بىردىنلا پەسلەپ، ھەسىنەمنى كۆتۈرۈپلا ھاۋاغا تېز ئۆرلەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى شاھ بەرقۇتتىن ئاڭلايمىز:

كۇھىقاپتا تاغ - دەريالىرى ۋە باغۇ بوستانلىرى كۆپ، ئاۋات بىر شەھەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ پادىشاھى شاھ بەرقۇت ئىكەن. ئۇ ئەلنىڭ دەردۇ ھالىغا قىلچە يەتمەيدىكەن، ھەرەمخانىلىرىغا نازىنىنلارنى يىغىپ كەيپ - ساپا قىلىدىكەن. شاھ بەرقۇتنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى قارا نىيەت ئىكەن. ئاغزىدا پادىشاھنى ماختاپ - ئۇچۇرۇپ يۇرسىمۇ، دىلىدا شاھلىق تەختىنى تارتىۋېلىش غەرىزى قۇترايدىكەن. ئۇ بۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۇچۇن پادىشاھنىڭ قىزى گۇلپەرىنى قولغا چۇشۇرۇپ، ئۇنى ئەمرىگە ئېلىشنى ئويلايدىكەن. پادىشاھ بۇ قارا نىيەت ۋەزىرنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدىكەن. گۇلپەرى سېھىرگەرلىك ئىلمىدە ئاتىسىدىن ئۇستۇن تۇرىدىكەن.

كۇنلەردىن بىر كۇنى ئوڭ قول ۋەزىر پادىشاھقا ئەلچى كىرگۇزۇپ، گۇلپەرىنى سوراپتۇ. پادىشاھمۇ بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ. گۇلپەرى قوشۇلماپتۇ. گۇلپەرى زورلۇق، بېسىم ئالدىدا:

— شاھ دادام بىلىپ قالسۇنكى، مەن ئۆزۇم بىلەن بىر كۇندە تۇغۇلغان يىگىت بىلەن توي قىلىمەن. بۇنىڭغا ئۇنىمايدىكەن، ئۆلۇشكە رازىمەنكى، دۇنيادىن ھېچ كىشىگە ياتلىق بولماي ئۆتۇپ كېتىمەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان زالىم پا-

دىشاھ ۋەزىرىگە ئەمر قىلىپ:

— بۈگۈندىن ئېتىبارەن قىزىم بىلەن بىر كۈندە تۇغۇلغان يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن. ئۇ قايسى ئىقلىمدا بولسىمۇ، مېنىڭ دېگىنىم بويىچە بېجىرىلسۇن ! — دەپتۇ.

ياۋۇز ئوڭ قول ۋەزىر پەرماننى قولىغا ئالغان ھامان زور قىرغىنچىلىق باشلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئىبلىس قولى ھەسىنەمنىڭ يۇرتىغا يەتكۈچە، گۈلپەرى پۈتۈن ئالەمنى سەيلە قىلىپ ئۆزىگە لايىق ئىزدەپتۇ. ئۇ ھەسىنەمنىڭ يۇرتىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرۈپ ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرۈپتۇ - دە، ھەسىنەمنى ئەپقېچىپتۇ ۋە ئۇنى سىنىماق ئۈچۈن ئوردا شەھىرى ئالدىدىكى چەشمە بۇلاق تۈۋىگە تاشلاپتۇ.

ھەسىنەم ئويغانغۇدەك بولسا، چەشمە بۇلاق تۈۋىدە تۇرغۇدەك. ئالدىدا ئاجايىپ بىر كاتتا شەھەر ئوتقاشتەك چاقناپ تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھەسىنەم ھەم ھەيران بوپتۇ، ھەم قورقۇپتۇ، قورققىنىدىن كۆزلىرى جامدەك ئېچىلىپتۇ.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بۇلاق يېنىدىن ئۆتىدىغان چوڭ يولغا چۈشۈپتۇ - دە، شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. بىر چاغدا ئېگىزلىكى ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرغان بىر ئىمارەت كۆزگە چېلىقىپتۇ. ئۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە قارىغۇدەك بولسا، بۇ سەلتەنەتلىك ئىمارەتنىڭ بىرمۇ تۈۋرۈكى يوق، ئاسماندا مۇئەللەق تۇرغۇدەك. تاملىرى كۈمۈشتىن قويۇرۇلغان بۇ ئىمارەتنىڭ قاشتېشى راملىق پەنجىرىسىدىن بىر قىز قاراپ تۇرۇپتۇ. ئاپتاپ تەلەتلىك، قۇياش يۈزلۈك بۇ ساھىبجامالنى كۆرگەن ھەسىنەم ھوشىدىن كەتكىلى تاس - تاماس قاپتۇ. ئۇ بۇ ساھىبجامالنىڭ ئىشقى پىراقىدا بارلىق غەم - غۇسسىلەرنى ئۇنتۇپتۇ. ھەسىنەم ئۆزىنى زورغا بېسىپ سوراپتۇ:

— ئەي مەلىكەم، بۇ قەيەر؟
— بۇ كۆھىقاپ شاھى شاھ بەرقۇتىنىڭ ئوردىسى، — دەپتۇ جاۋابەن قىز.
ئاتا - ئانىسىدىن: «كۆھىقاپ بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى ئۈچ مىڭ يىللىق يول» دەپ ئاڭلىغان ھەسەنەم قورقۇپ كېتىپتۇ ھەم ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن، قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي تازا بېشى قېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا قىز:
— ئەي يىگىت، سىز كۆپ قايغۇرماي، مۇشۇ مېڭىشىڭىز بويىچە مېڭىۋېرىڭ، شۇ چاغدا بىر باغقا چىقىسىز، يېمەك - ئىچمەك، ئوزۇق - تۈلۈكىڭىز شۇ يەردە بولىدۇ، — دەپتۇ.
ھەسەنەم بۇ ساھىبجامال مەلىكىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭغانىكەن، ئالتۇن دەرۋازىلىق بىر ھەشەمەتلىك باغقا كېلىپ قاپتۇ. باغ شۇنچىلىك ھەيۋەت ۋە گۈزەل ئىكەنكى، خىلمۇخىل مېۋىلەر پىشىپ، ساڭگىلىشىپ تۇرىدىكەن، قۇشلار سايرىشىپ كۆڭۈللەرنى شاد، دىلنى مەپتۇن قىلىدىكەن.
ھەسەنەم شىرىلداپ سۇزۇك سۇ ئېقىپ تۇرغان ئېرىقنى بويلاپ ماڭغانىكەن، كاتتا بىر ئىمارەت ئالدىغا كەپتۇ ۋە شۇ ھامان «سالام» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ دەرۋازا ئېچىلىپتۇ. ھەسەنەم قىرىق ئىشىكتىن ئۆتۈپ ھەشەمەتلىك بىر سارايغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭدا خىلمۇخىل نازۇنېمەتلەر تىزىپ قويۇلغانىكەن. ھەسەنەم ئۇنىڭ ھەرقايسىسىدىن تېتىپ بېقىپتۇ، بىر - بىرىدىن تەملىك ۋە مەززىلىك تائاملارنى يەپ قورسىقى تويۇپتۇ. ئۇ ھەشەمەتلىك سارايدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاددىي كەپىسى ۋە مېھرىبان ئاتا - ئانىسىنى ئەسلەپ ناخشا ئېيتىپ يىغلاپتۇ:

ئەزىز يۇرتۇم، ئىسسىق كۆلبەم قايدىسەن؟
مېھرىبانىم مەھمۇد ئاتام قايدىسەن؟
مېھرى يالقۇن ھاۋا ئانام قايدىسەن؟
بىرگە ئويناپ يۈرگەنلىرىم قايدىسەن؟

مەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم نە ئۈچۈن؟
مەلۇم ئەمەس، ماڭا مۇشكۇل سىر نېچۈن؟
توغرا يولغا سالغىن قادىر خۇدايا،
ياشلار تۆكۈپ ئاۋارىمەن، قايدىسەن؟

يىشىلمەيدۇ نىمە ئۈچۈن تېپىشماق،
ماڭا مۇشكۇل خەتەر بىلەن ئېلىشماق.
بىر كۆرۈشكە خۇدا نېسىپ قىلارمۇ؟
غەمگۇزارىم، دىل مازارىم قايدىسەن؟

ھەسىنەم يىغلاپ - يىغلاپ ئۇخلاپ قاپتۇ، چۈشىدە گۇل-پەرىنى كۆرۈپتۇ. گۇلپەرى ئۇنىڭغا بىر دەستە قىزىلگۇلنى تۇتۇپ: «ئەي يىگىت، ئەتە ئاتامنىڭ ئالدىغا سالامغا بارىسىز، لېكىن ئوردىغا كىرىشتىن بۇرۇن مەن بىلەن كۆرۈشۈپ مېڭىشنى ئۇنتۇماڭ» دەپ، كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ھەسىنەم ئويغىنىپ قارىغۇدەك بولسا، ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ، لېكىن بېشىدا شاھانە تون - سەرپايىلەر تۇرۇپتۇ، ئۆينىڭ ئىچى مەززىلىك پۇراققا تولۇپتۇ. ھەسىنەمنىڭ دىمىغىغا كىرگەن خۇش پۇراق ئۇنىڭ ئىشقى گۇلشەننى پاتىپاراق قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئەمدى سۆزنى گۇلپەرىدىن ئىشىتىمىز:

گۇلپەرى يەڭ ئىچىگە خەنجەر يوشۇرغان ھالدا دادىسى شاھ بەرقۇتنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ يۈرەك سۆزى پۈتۈلگەن خەتنى شاھقا سۇنۇپتۇ. شاھ خەتنى ئالدىراپ ئو-

قوشقا باشلاپتۇ:

«ھۆرمەتلىك شاھ دادا، مەن سىزنىڭ جانجىگىرىڭىز بو-لۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنى ئېلتىماس قىلىمەنكى، ئوردىغا مۇناپىقلىق، پىتنە ـ پاسات ئۇرۇقى چېچىلدى. سىزمۇ خىيا-نەتكارلارنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، دۆلەتنى خاراب قىلماقچى بولدىڭىز. پۇقرالىرىڭىز قاتتىق زۇلۇم ئىسكەنجىسىدە قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياۋۇز ۋەزىرىڭىزنىڭ كەينىگە كىرىپ، مەن بىلەن بىر كۈندە تۇغۇلغان تالاي يىگىتلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولدىڭىز. شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، بىگۇناھ خەلقنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتەلمەيسىز، تۆكۈلگەن قانلارنىڭ ئۇۋالىغا قالىسىز. ئۆ-زۈمنىڭ ئىشىغا كەلسەم، مەن ئۆزۈم بىلەن بىر كۈن، بىر سائەتتە تۇغۇلغان يىگىتنى ئالىقاچان تېپىپ قويغانمەن. ئۇنىڭ بىلەن سۆز-لىشىپ، ياخشىلىقچە مېنى شۇ يىگىتكە بەرسىڭىز».



بۇ خەتنى ئو-قۇپ پادىشاھ دىر ـ دىر تىترەشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئېغىز ئاچقۇچە، گۈلپەرى خەنجەرنى قولىغا ئاپتۇ ـ دە:

ـــ قېنى، ئېيـ-تىڭ، پەرمانىڭىزنى

ئۆزگەرتەمسىز، يوق؟ مېنىڭ دېگىنىمگە كۆنەمسىز، يوق؟ ئەگەر دۆلەتنى ئوڭشىمىسىڭىز، مېنى ئاشۇ يىگىتكە بەرمىسىڭىز، شۇ تاپتا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئىلاجسىز گۈلپەرىنىڭ تەلىپىگە كۆنۈپتۇ، يىگىت بىلەن سۆزلەشمەكچى بوپتۇ.

ھەسسنەم سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ بويىنى سۇغا سالغاندىن كېيىن ناماز ئوقۇپتۇ، ئاندىن يېڭى تونىنى كىيىپ، مەلىكە گۈلپەرىنىڭ يېنىغا راۋان بوپتۇ. ھەسسنەم يېتىپ كەلگەندە، گۈلپەرى ئۆزىنى ياساپ - جابدۇپ تۇزەشتۇرۇۋاتقانىكەن. گۈلپەرى خۇش تەبەسسۇم بىلەن ھەسسنەمنى قارشى ئاپتۇ ۋە ئالدىغا خىلمۇخىل نېمەتلەر كەلتۈرۈپتۇ، ئاندىن شۇنداق دەپتۇ:

— سىز بۈگۈن دادامنىڭ قېشىغا بارسىز، دادام نېمە دېسە، ياق دېمىگەيسىز، ئالدىدا ئىززەت - ئىكرامىنى ساقلىغايسىز، قايتقىنىڭىزدا يېنىمغا كىرىپ ئۆتكەيسىز.

ھەسسنەم ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، ئوردىغا بېرىپتۇ ۋە ئىززەت - ئىكرام بىلەن شاھقا سالام بېرىپتۇ. پادىشاھ:

— سەن ئۈچ كۈندىن كېيىن قېشىمغا كىرسەڭ، ساڭا دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار، — دەپتۇ. ھەسسنەم ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ئوردىدىن يېنىپ چىقىپتۇ.

ھەسسنەم ئەھۋالنى گۈلپەرىگە ئېيتىپ قويۇپ، يەنە ئاۋۋالقى باغدا سەيلە - تاماشا قىلىپ ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۈچ كۈن توشقاندا، ھەسسنەم پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. شاھ ئۇنىڭغا:

— مېنىڭ ئۈچ شەرتىم بار، ئۇنى تولۇق ئورۇندىساڭ، قىزىمنى ساڭا بېرىمەن، ئورۇندىيالمىساڭ، كاللاڭنى ئالىمەن. بىرىنچى شەرتىم شۇكى، مۇشۇ شەھەردىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتا بىر يېزا پەيدا قىلىسەن. بۇ يېزا شۇنداق گۈزەل

بولسۇنكى، ئىتىزلاردا بۇغداي پىشىپ، ئورۇلۇپ، ئۇن تارتىد-لىۋاتقان، ئىتىز - ئېرىقلار يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن مەنزىرە ئايان بولسۇن. سەن ئۆزۈڭ بەرپا قىلغان يېزاڭدا پىشقان بۇغداينىڭ ئۇنىدا خېمىر يوغۇرۇپ، تونۇرغا گىردە ياقىسەن. مەن تۆتىنـ-چى كۈنى سەھەردە بېرىپ شۇ تونۇرنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ، ئۆز قولۇڭ بىلەن قومۇرغان گىردە بىلەن ناشتا قىلىپ ياند-مەن، — دەپتۇ.

— چوقۇم ئورۇندايمەن، — دەپتۇ ھەسىنەم.

ھەسىنەم پادىشاھنىڭ دېگەنلىرىنى گۈلپەرىگە ئېيتقانىد-كەن، گۈلپەرى:

— سىز نېمە دېدىڭىز؟ — دەپتۇ.

— ئورۇندايمەن، دېدىم، — دەپتۇ ھەسىنەم.

— سىز مۇشۇ ماڭغانچە مېڭىپ بىر تۇزلەڭگە بېرىپ، خالىغان يېرىڭىزدە ئۇخلاڭ. ئەتە سەھەر ئورنىڭىزدىن تۇرسد-ڭىز، دادامنىڭ دېگەنلىرىدىن نىشانە بولىدۇ. شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇشىڭىز كېرەككى، تونۇردىن ناننى قومۇرۇشتا ئېچىد-ڭىزدە: «مېنىڭ قولۇم ئەمەس، پەرىزاتنىڭ قولى» دېيىشنى ئۇنتۇماڭ، — دەپتۇ ۋە ھەسىنەمگە ئاقيول تىلەپتۇ.

ھەسىنەم شەھەردىن چىقىپ خۇشال يول يۇرۇپتۇ، يول يۇرسىمۇ مول يۇرۇپتۇ. كەچ كىرىپ، گۇگۇم پەردىسىنى يې-يىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ھەسىنەم ئۇ چەت - بۇ چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان بىر تۇزلەڭگە كەپتۇ. ئۇ قورساقنى توقلاپ ئۇخلاپتۇ.

ھەسىنەم ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ قارىغۇدەك بولسا، گۈ-زەل ۋە كۆركەم يېزا نامايان بوپتۇ. كۈن نۇرى گۈزەل يېزا قوينىدىكى بىپايان بۇغدايزار دالىنى نۇرغا پۈركەپ تۇرغۇدەك. بۇغدايزارلىق دالىدا قانداقتۇر بىر سېھرىي كۈچ كارامىتىنى

كۆرسىتىۋاتقۇدەك، بۇغدايلار بىر تەرەپتىن ئورۇلۇپ، بىر تەرەپتىن تېپىلىپ، دانلىرى ئايرىلىپ ئۇن بولۇپ چىقىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن ھەسىنەم ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. ئۇ ھوشىنى يىغىپ ئوڭ تەرەپكە قارىغۇدەك بولسا، تونۇردا گىردە نانلار پىشىۋېتىپتۇ. پادىشاھ تونۇر بېشىدا ھەسىنەمگە قاراپ تۇرۇپتۇ.

— سالام، پادىشاھ ئالىيلىرى! — دەپتۇ ھەسىنەم ھودۇقۇشىنى بېسىپ.

— ئەي يىگىت، ناشتىلىقىمنى بەر، — دەپتۇ پادىشاھ.

ھەسىنەم ئىككىلەنمەيلا تونۇرنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ - دە، ئىچىدە: «مېنىڭ قولۇم ئەمەس، پەرىزاتنىڭ قولى» دەپ گىردىنى قومۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەسىنەمگە:

— مېنىڭ قەسرىمگە بارغايسەن، — دەپتۇ - دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئۇ ھەيران بولۇپ كۆزىنى يۇمغانىكەن، ئۆزىنى گۈلپەرىنىڭ ھۇزۇرىدا كۆرۈپتۇ.



ھەسىنەم ئەتىسى ئەتىگەندە پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا ئىككىنچى شەرتنى مۇنداق بايان قىپتۇ:

— بۇ يەردىن بەش كۈنلۈك يىراقلىقتا بىر تاغ پەيدا قىلىسەن، تاغ شۇنچىلىك گۈزەل بولسۇنكى، ئىقلىمدا بۇنداق تاغ كۆرۈلمىگەن بولسۇن. تاغنىڭ ئاستىدىن چوڭ بىر ئۆس-

تەڭ سۇ ئاقسۇن، ئۇ تۇزلەڭگە چىققاندا ئىككىگە ئايرىلسۇن، بىرىدە قىزىل، بىرىدە يېشىل سۇ ئاقسۇن. مەن بارغاندىن كېيىن، قىزىل سۇدىن قىزىل بېلىق، يېشىل سۇدىن يېشىل بېلىق تۇتۇپ كاۋاپ قىلىپ بېرىسەن.

ھەسسەنەم ئورۇنداشقا ۋەدە بېرىپ، گۇلپەرىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. گۇلپەرى ئۇنىڭغا:

— سىز ھازىر سەيلە - تاماشىڭىزنى قىلىپ يۈرۈۋېرىڭ، ئاخىرقى كۈنى يولغا چىقىپ ھارغان يېرىڭىزدە يېتىپ ئۇخلاڭ. ئەتىسى سەھەردە تۇرۇپ قارايدىغان بولسىڭىز، دادامنىڭ ئىككىنچى شەرتىدىن بېشارەت بولىدۇ. دادام كەلگەندە: «مېنىڭ قولۇم ئەمەس، پەرىزاتنىڭ قولى» دەپ قىزىل سۇدىن قىزىل بېلىق، يېشىل سۇدىن يېشىل بېلىق ئالىسىز - دە، ئالدىڭىزدا كۆيۈۋاتقان گۇلخاندا كاۋاپ قىلىسىز، — دەپتۇ.

ھەسسەنەم تۆت كۈن راسا ئويناپ تاماشا قىپتۇ، بەشىنچى كۈنى سەھەر يولغا چىقىپتۇ. بىر كۈن ماڭغاندىن كېيىن بىر چۆلگە كىرىپتۇ. ئۇ شۇ يەردە ھاردۇق ئېلىپ، قورساق توقلاپ ئۇخلاپتۇ. ئەتىگىنى قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرغان ھەرە چىشلىق ئېگىز تاغ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغۇدەك. تاغ ئاستىدىن بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ، تۇزلەڭگە چىققاندا ئىككىگە ئايرىلىپ، بىرىدە قىزىل سۇ، بىرىدە يېشىل سۇ ئېقىۋاتقۇدەك. ھەسسەنەم ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ تۇرۇشىغا، ئالدىدا پادىشاھ ھازىر بوپتۇ. ھەسسەنەم شۇ ھامان گۇلپەرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قولىنى قىزىل سۇغا تىقىپ قىزىل بېلىق، يېشىل سۇغا تىقىپ يېشىل بېلىق ئاپتۇ ۋە ئۇنى ئالدىدا كۆيۈۋاتقان گۇلخاندا كاۋاپ قىپتۇ. ئاندىن كاۋاپنى: «بۇ مېنىڭ قولۇم ئەمەس، پەرىزاتنىڭ قولى» دەپ پادىشاھقا سۇنۇپتۇ. پادىشاھ ھۇزۇرلىنىپ يەپتۇ ۋە دۇئا قىلىپ:

— يىگىت، ئەته ئالدىمغا بارغايسەن، — دەپ كۆزدىن غا-يىب بوپتۇ.

ئەتىسى ھەسەنەم پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، پادىشاھىئالەم، قېنى، قانداق شەرتلىرى بار؟ — دەپتۇ. پادىشاھ ئۈچىنچى شەرتنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ:

— يەتتە كۈنلۈك يىراقلىقتا بىر شەھەر ئاپىرىدە قىلىسەن. ئۇردا شۇنداق ھەشەمەتلىك بولسۇنكى، تاملىرى كۈمۈشتىن بولسۇن، ئۇنىڭدىكى ئۆيلەر بىر - بىرىگە ئوخشاشمىغان ھالدا بېزەلسۇن. ھەيۋىتى ئالەمدە تەڭداشسىز بولسۇن. شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە بىر چارباغ بولسۇن. ئۇنىڭدا قىرىق غۇلام ئىشلەيدىغان بولسۇن. مېۋىلەرنىڭ خىللىرى جەننەتتىمۇ ھەم بولمىغان بولسۇن. يەتمىش ئىككى خىل مېۋە تەڭ پىشقان بولسۇن. مەن بارغاندىن كېيىن ھەر خىل مېۋىدىن ئىككى تالدىن ئېلىپ كېلىسەن، ئۇنىڭغا ئېغىز تېگىمەن.

ھەسەنەم گۈلپەرىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. گۈلپەرى ئۇنىڭغا:

— سىز بەش كۈن سەيلە - تاماشا قىلىسىز. ئالتىنچى كۈنى سەھەر يولغا چىقىپ خالىغان يېرىڭىزدە قونىسىز. ئە-تىسى سەھەر ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ قارايدىغان بولسىڭىز، دادامنىڭ شەرتىدىن نىشانە بولىدۇ. لېكىن، مېۋىنى ئېلىپ كىرگەندە: «مېنىڭ قولۇم ئەمەس، پەرىزاتنىڭ قولى» دېگەن سۆزنى ئۇنتۇماڭ، — دەپتۇ.

ھەسەنەم بەش كۈن سەيلە - تاماشا قىلىپ، ئالتىنچى كۈنى يولغا چىقىپتۇ. ئۇزۇن يول مېڭىپ بىر دەريا ياقىسىغا بېرىپ چۈشۈپتۇ - دە، قورساقنى توقلاپ ئۇخلاپتۇ. ئەتىسى ئويغىنىپ قارىسا، پادىشاھنىڭ دېگىنىدىنمۇ ھەشەمەتلىك بىر

شەھەر پەيدا بولۇپ، بىر دەريا شەھەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتۈۋاتقۇدەك. ھەشەمەتلىك ئوردا ئاسمانغا بوي سوزغان بولۇپ، ئۇنىڭ تاملىرى قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرۇپتۇ. ھەسىنەم شەھەرنى ئايلىنىپ چارباغقا كىرگەنىكەن، يەتمىش ئىككى خىل مېۋە تەك پىشىپ مەي باغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ خۇشاللىقىنى سىغدۇرالماي تۇرۇشىغا، پادىشاھ ئالدىدا ھازىر بوپتۇ ۋە:

— قېنى يىگىت، مېۋە-چېۋىلىرىڭنى ئەكەل، — دەپتۇ.

ھەسىنەم: «مېنىڭ قولۇم ئەمەس، پەرىزاتنىڭ قولى» دېگىنىچە مېۋىلەرنى ئۈزۈپ، ئالتۇن تەخسە بىلەن شاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھ ھۇزۇرلىنىپ يەپتۇ، ئاندىن:

— ئەتە ئوردىغا بېرىشنى ئۇنتۇما، — دەپتۇ-دە، غايىب بوپتۇ.

ھەسىنەمنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن يايراپتۇ ۋە كۆزىنى يۇمغىنىكەن، ئۆزىنى گۈلپەرىنىڭ ھۇزۇرىدا كۆرۈپتۇ. گۈلپەرى ئۇنى ھەر خىل ئېسىل يېمەكلىكلەر بىلەن مېھمان قىلغاندىن كېيىن:

— ئەتە دادامنىڭ يېنىغا بارسىڭىز، ئاگاھ بولۇڭكى، دادام سىزگە: «ساڭا نېمە لازىم؟» دېسە، سىز: «ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس» دەڭ، «نېمە تىلىكىڭ بار؟» دېسە، «مالال كەلمىسە، قىزلىرىنى بەرسىلە» دەڭ، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ھەسىنەم پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

— ئەي يىگىت، سەن مېنىڭ سىنىقىمدىن ئۆتتۈڭ، مەن سېنى رازى قىلاي. ئېيتقىنا، ساڭا نېمە كېرەك؟ — دەپ سورىغانىكەن، ھەسىنەم:

— ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، نېمە تىلىكىڭ بار؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— قىزلىرىنى بەرگەن بولسىلا، مۇرادىم ھاسىل بولات-تى، — دەپتۇ ھەسىنەم.

پادىشاھ غەزەپتىن تىترەپ كېتىپتۇ، لېكىن باشتىكى ۋەدىسىدىن يانالماي، ئاخىر قىزنى ھەسىنەمگە قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، گۈلپەرى بىلەن ھەسىنەم بىر ئوغۇل، بىر قىزغا ئاتا - ئانا بوپتۇ. بارات كېتىپ، روزا كەپتۇ، روزا ئۆتۈپ ھېيت - ئايەملەر كېلىپ قاپتۇ. پەتىلەر باشلىنىپتۇ. گۈلپەرى ھەسىنەم بىلەن پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا پەتىگە بارماقچى بولۇپ جابدۇنۇپتۇ. ئۇلار شاھنىڭ قەسرىگە كىرگەندە، ئۆي ئىچىدىن مۇنداق گەپنى ئاڭلاپ قاپتۇ:

— شاھ ئالىيلىرى، ئۆزلىرى ئادىل ۋە دانا، شەھىرىمىز-نىڭ ھەربىر پۇقراسى ئۆزلىرىدەك باشپاناھى بولغىنى بىلەن پە-خىرلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، بۈگۈنكى كۈندە قىزلىرىنى بىر جا-دۇگەرگە بېرىپ قويدىلا. ئۆزلىرىدىكى ئىلىم - ھېكمەتنى ھېچكىم بىلمەس ئىدى، بىراق ئۇ نائەھلى بىلىۋالدى. بۇنىڭ-دىن قارىغاندا ئۆزلىرى ھوشيار بولۇشلىرى لازىمكى، ئۇنى ئور-دىغا يولاتمىسىلا، بىخەستەلىك قىلساق شەھەرنى خاراب قىلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، قانداق قىلغۇلۇق؟

— مېنىڭچە، مەلىكىنى قەسرىگە چاقىرتىۋېلىپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇ نائەھلىنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك.

— بولىدۇ، بۇ ئىشنى ئۆزىڭىز ئۈستىڭىزگە ئېلىڭ!

گۈلپەرى ۋە ھەسىنەم دەرھال ئۆيىگە قايتىپ، مەسلىھەت بويىچە ھەسىنەمنىڭ شەھىرىگە كەتمەكچى بوپتۇ ۋە جىددىي سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ، بەقۇۋۋەت، ئەمما يەڭگىل يې-مەكلىكلەرنى تەييارلاپ تەخ قىپتۇ. مەلىكە ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى ئەپسۇن بىلەن ئۆيدە قالدۇرۇپ، ئىشىكنى تاقاپ يولغا راۋان

بوپتۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندە پادىشاھ ئەۋەتكەن نۆكەر گۈلپەرى ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مەلىكەم، — دەپ چاقىرىپتۇ. ئۆي ئىچىدىن:

— ھە، مانا مەن، — دېگەن سادا كەپتۇ.

— ئۆزلىرىنى چاقىرغىلى كەلدۇق، — دەپتۇ نۆكەر.

— مانا ھازىر، كىيىم يەڭگۈشلىۋالاي، — دېگەن ئاۋاز كەپتۇ ئۆي ئىچىدىن. ئەلچى ئۇزۇن ساقلاپ تۇرۇپتۇ، لېكىن مەلىكە چىقماپتۇ. ئاخىر نۆكەر يەنە توۋلاپتۇ:

— مەلىكەم !

— مانا مەن، شاھ دادامغا داستىخان قىلىۋالاي، تەخىر قىلىڭ !

نۆكەر يەنە ساقلاپتۇ. ئاخىر كەچ بولۇپ قاراڭغۇ چۈشۈپ-تۇ، لېكىن مەلىكىدىن نىشان بولماپتۇ. نۆكەر ئاچچىقى بىلەن توۋلىغانىكەن، ئۆي ئىچىدىن:

— كەتتى، — دېگەن سادا كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشىك-نى ئېچىپ كىرسە، ھېچكىم يوق. پادىشاھقا خەۋەر قىلغانى-كەن، پادىشاھ ئارقىسىدىن قوغلاشقا پەرمان بېرىپتۇ. بىرقانچە لەشكەر قارا قۇش سۈرىتىگە كىرىپ ئۇچۇپتۇ.

گۈلپەرى قارلىغاچ بولۇپ ھەسىنەم ۋە ئىككى بالىسىنى يۈدۈپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا، ئاسمان قەرىدە ئۇچۇپ كېلىۋاتقان قارا قۇشلارنى كۆرۈپ قاپتۇ، شۇ ھامان ھەسىنەمنى بىر تۈپ قۇرۇق دەرەخ، بالىلىرىنى ئۇنىڭ ئىككى شېخى قىلىپ قو-يۇپ، ئۆزى قاقشال دەرەخكە قونۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

قارا قۇشلار ئاسمان قەرىدىن تۆۋەنگە شۇڭغۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن يەر بېغىرلاپ ئۇچۇپ ئاسمانغا ئۆرلەپتۇ - دە، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ، كەلگەن يولى بىلەن كېتىپ قاپتۇ. گۈلپەرى ھەسىنەم ۋە

ئىككى بالىسىنى ئېلىپ يەنە يولغا راۋان بوپتۇ.
ئەمدى گەپنى پادىشاھتىن ئاڭلايمىز:
قارا قۇشلار تەرلەپ - پىشىپ ئوردىغا كىرىپ، پادىشاھقا:
— جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى ئايلاندۇق، ئۇلارنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، — دەپتۇ.
— يول ئۈستىدە بىرەر نىشانە كۆرمىدىڭلارمۇ؟ — دەپتۇ شاھ بەرقۇت غەزەپتىن بوغۇلۇپ.
— كۆردۇق، بىر قۇرۇپ قالغان قاقشال دەرەخنى كۆردۇق، — دەپتۇ قۇشلار.
— ھەببەللى ! — دەپتۇ شاھ بەرقۇت، — ئەنە شۇ قاقشال دەرەخ ئۇنىڭ ئېرى، شاخلىرى ئۇنىڭ ئىككى بالىسى، يەنە نېمە كۆرۈشتۇڭ؟
— قاقشال دەرەخ ئۈستىدە بىر قارلىغاچ ئولتۇرۇپتۇ، — دەپتۇ قۇشلار.
— جاللات ! — دەپتۇ پادىشاھ، — قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەن بۇ نان قېپىلارنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن !
قارا قۇشلارنىڭ كاللىسى ئېلىنغاندىن كېيىن، پادىشاھ قاۋۇل، ياراملىق ئەزىمەتلەردىن بىرقانچىنى تاللاپ گۈلپەرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا ئەۋەتىپتۇ.
گۈلپەرىلەر شۇ ماڭغانچە قىرىق كۈن يول يۈرۈپ بىر يۇرتقا يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۇ يەردە بىرئاز دېمىنى ئېلىپ ماڭماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ئاسماننىڭ قەرىدە ئۇچۇپ كېلىۋاتقان قارا قۇشلارنى كۆرۈپتۇ. ئۇ شۇ ھامان ھەسەنەم بىلەن ئىككى بالىسىنى بىر ئەسكى تاملىققا ئەكىرىپ، ھەسەنەمنى ئەسكى تامغا، ئىككى بالىسىنى تامنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تېشىپ چىققان پور كۆتەككە ئايلاندۇرۇپتۇ - دە، ئۆزى بىر خىشقا ئايلىنىۋاپتۇ.

قوشلار ئۇچۇپ كېلىپ ھېلىقى ئەسكى تامغا قونۇپتۇ. بىر - پەستىن كېيىن ھاۋاغا ئۆرلەپ، خېلى ئۇزاق چۆرگىلەپتۇ - دە، تا - پالماي كېتىپ قاپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭمۇ كاللىسىنى ئاپتۇ ۋە ھەسرەت - نادامەت بىلەن لېۋىنى چىشلەپ قاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، گۈلپەرى بىلەن ھەسەنئەم ئۆز شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار ھەسەنئەمنىڭ ئىككى ئېغىزلىق كەپىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە:

— ھەسەنئەم، — دەپتۇ گۈلپەرى، — ئۆيىڭىزدە سىز كەتكەندىن كېيىن تۇغۇلغان بىر سىڭلىڭىز بار. ئۇ سىزنى سۆيمەن دەپ كېلىدۇ، ئۇنى سۆيگۈزمەي تۇرۇپ بىر كاچات ئۇرىسىز، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل، — دەپتۇ ھەسەنئەم، لېكىن بۇ ئىشنىڭ تېـ گىدە نېمە سىر بارلىقىنى چۈشىنەلمەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، سىز ئۆيگە كىرىڭ، — دەپتۇ گۈلپەرى ۋە ئۆزى ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

ھەسەنئەم ئىككى بالىسىنى يېتىلەپ ئۆيگە كىرىپتۇ. مەھمۇد بىلەن ھاۋاخان چەكسىز خۇشال بولۇپ، ھال - ئەھۋال سورىغۇچە، ئىچكەركى ئۆيدىن بىر قىز چىقىپ: «ھار - ماڭ، ئاكا!» دەپ يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى بىرنى سۆيۈۋاپتۇ. شۇ ھامان ھەسەنئەم گاچا بولۇپ تىلىدىن قاپتۇ ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى يىرتىپ، تىلىنى ساڭگىلاتقان پېتى گۈلپەرىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يىغلاپتۇ.

گۈلپەرى بۇنى كۆرۈپ قىلغان ئەقىدىسىگە يىغلاپتۇ ۋە: «ماڭىمۇ قىلدىڭ، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ» دەپتۇ - دە، ئارقىسىدـ غىمۇ قارىماي كېتىپتۇ.

گۈلپەرى ھەسەنئەمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ھەسرەت ۋە پىغان بىلەن يول يۈرۈپتۇ. بىر كۈنلۈك يولنى بېسىپ بىر

جاڭگالغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ يەردە بىر بۇلاق تۇۋىنى پىنھان تۇتۇپ، چاچلىرىنى چۇۋۇپ قان - ياش تۆكۈپ يىغلاپتۇ، ئۇ-زىگە ئەپسۇن ئوقۇپ ئۇرۇپ ئۇن تۆت ياشلىق بىر ساھىبجامال قىزغا ئايلىنىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى توختى دېگەن بىر ئوتۇنچى جاڭگالدىن ئوتۇن يۇدۇپ كېلىۋېتىپ، چەشمە بۇلاق تۇۋىدە پۈت - قولىنى يۇ-يۇپ ئولتۇرغان گۈلپەرىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ دەسلەپ، ئالۋاس-تىمىكىن دەپ قورقۇپتۇ، كېيىن، ھەرنېمە بولسا، بىر گەپ سوراپ باقاي، دەپتۇ - دە، ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ. توختى ئوتۇنچى گەپ سورىغۇچە، گۈلپەرى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— ئەسسالام، دادا! — دەپتۇ ۋە بوۋاينىڭ ئوتۇنلىرىنى يەرگە قويۇشىغا ياردەملىشىپتۇ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپتۇ بوۋاي ۋە گۈلپەرىنىڭ بۇ ئالىيجاناب، يېقىملىق مۇئامىلىسىدىن تەسىرلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. توختى ئوتۇنچىنىڭ بۇرۇنقى قورقۇنچىسى يوقىلىپ، قورۇق چۈشكەن يۈزلىرىگە تەبەسسۇم پەيدا بوپتۇ.

— قىزىم، قەيەردىن كەلدىڭىز؟ قەيەرگە بارىسىز؟ — دەپتۇ بوۋاي كۆڭۈل توختىتىپ.

— بىر مۇساپىر، غېرىبمەن، بارار جايىم يوق، — دەپتۇ گۈلپەرى.

توختى ئوتۇنچىنىڭ ئائىلىسىدە مومىيىدىن باشقا بىرمۇ ئادىمى يوق بولۇپ، پەرزەنت ئىشقىدا كۆڭلى بىئارام، يۈرىكى كاۋاپ ئىكەن. ئۇ خۇدا بەرگەن قىزنى بالا قىلىۋالماقچى بو-لۇپ، گۈلپەرىنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ.

توختى ئوتۇنچىنىڭ مومىيى قىزنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان ئەكېلەي دېسە، يەيدىغان نەرسە-سى بولمىغاچقا تولىمۇ خىجىل بوپتۇ. بۇنى سەزگەن قىز:

— ئانا، دادامنىڭ قورسىقى ئاچقاندۇ، داستىخىنىڭىزنى ئاچىڭ، — دەپتۇ ۋە ئىچىدە ئەپسۇن ئوقۇپ ئولتۇرۇپتۇ. موماي توختى ئوتۇنچى بازارغا بارسا، يېيىشى ئۈچۈن ساقلاپ قويغان بىر كۆمەچ بار ئىكەن. موماي ئۇنى داستىخانغا يۆگەپ، قورۇنۇپ، ئاران ئاچىپتۇ. گۈلپەرى مومايىنىڭ قولىدىن داستىخاننى ئېلىپ ئاچقانىكەن، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ نازۇنېمەتلەر چىقىپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي تولىمۇ ھەيران قاپتۇ ۋە نازۇنېمەتلەرنى ئىشتىھا بىلەن يەپتۇ.

توختى ئوتۇنچىنىڭ قورساقتىن ھېچقانداق غەم - ئەندىشىسى قالماپتۇ. ئۇ ئادەتتىكىدەك ئوتۇنچىلىقنى قىلىۋېرىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى توختى ئوتۇنچى ئوتۇن سېتىش ئۈچۈن بازارغا بارماقچى بولغانىكەن، گۈلپەرى:

— دادا، سىز بازاردىن ئازراق يۇڭ ۋە ھەر خىل رەڭ ئالغاچ كېلىڭ، — دەپتۇ.

بوۋاي ئاخشىمى بازاردىن يۇڭ ۋە ھەر خىل رەڭ ئەكەپتۇ. گۈلپەرى مەخسۇس بىر ئۆي تەييارلاپ، دادىسىغا:

— مەن بۇ ئۆيدە گىلەم توقۇيمەن، سىلەر قېشىمغا كىرمەڭلار! — دەپ تاپىلاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ گىلەم توقۇشقا كىرىشىپتۇ.

ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ بىر بازار كۈنى، توختى ئوتۇنچى بازارغا بارماقچى بولۇپ، قىز تۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپتۇ. گۈلپەرى چىقىپتۇ ۋە:

— گەپ - سۆزىڭىز بارمىدى، دادا؟ — دەپتۇ ۋە بوۋاينىڭ بازارغا جابدۇنغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆيگە كىرىپتۇ - دە، بىر پارچە گىلەمنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، — بۇنى يۈز تىللاغا ساتسىز، يېنىشىڭىزدا يەنە يۇڭ، ھەر خىل رەڭ ئەكېلىسىز، — دەپتۇ. بوۋاي قىزنىڭ دېگىنىدەك ئۇنى يۈز تىللاغا سېتىپ،



لازىملىقلارنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، توختى ئوتۇنچىنىڭ ھال - ئوقىتى ياخشىلىنىپ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. توختى ئوتۇنچى «توختى باي» بولۇپ، پۈتۈن يۇرتقا تونۇلۇپتۇ. توختى باي كاتتا ئىمارەتلەر ساپتۇ. گۈلپەرى بۇ ئۆيلەرنى ئاجايىپ چىرايلىق ياساپ، توختى باي ۋە مومايىنى خۇشال قىپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى ھەسەنەمدىن ئاڭلايمىز:

ھەسەنەمنىڭ ھال - كۈنى كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپتۇ، تىلى سۆزدىن قالغان بولسىمۇ، ئىما - ئىشارەتلەر بىلەن ھەسرەت جامىغا پىغان شارابىنى قۇيۇپ، مەست بولۇپ يۈرۈپتۇ. كۆز چەشمىسىدىكى ئۈنچىلەردىن دەريا ھاسىل قىلىپ، نادامەت چاقمىقى بىلەن ۋىسال يولىنى يورۇتۇپ تۇرۇپتۇ.

ھەسەنەمنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن مەھمۇد بىلەن ھاۋاخاننىڭ تازا بېشى قېتىپتۇ. ئەر - خوتۇن مەسلىھەتلىشىپ، مەھمۇد بىر باينىڭ ئۆيىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيدىغان، ھاۋاخان ئۇ باينىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيىدىغانغا پۈتۈشۈپتۇ. باي ئالدىن ئاز - تولا ھەقمۇ بېرىپتۇ. ئۇلار بۇ ئازغىنە دە-

رەم بىلەن ھەسىنەمنى ئۆيلىمەكچى بولۇپ ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالغانىكەن، ھەسىنەم قوشۇلماپتۇ ۋە يىغلاپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆڭلى بەكمۇ پەرىشان بوپتۇ. دەل شۇ كۈنلەردە توختى باينىڭ داڭقى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، ئۇنىڭ ساھىبجامال قىزى گۈلپەرىنىڭ تەرىپى تىللاردا داستان بوپتۇ. ھەسىنەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى توختى باينىڭ قىزىغا خېلىلا قىزىقىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن تەڭ كېلەلمەسلىكىدىن قورقۇپ ئېغىز ئاچالماپتۇ. لېكىن، ئاخىر ھەسىنەمنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي تەۋەككۇل دەرياسىغا كېمىسىنى سايتۇ. مەھمۇد ئۆيىنى بىر يىللىق رەنىگە قويۇپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ پۇلىنى يانچۇققا سايتۇ ۋە قورقماي، يۈرىكىنى توم قىلىپ توختى باينىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. توختى باي:

— قىزىمدىن سوراپ باقاي، — دەپتۇ. ئۇ گۈلپەرىدىن سورىغانىكەن، گۈلپەرى:

— دادىسى ئوغلىنى ئەكەلسۇن، — دەپتۇ. ئەلچى خەۋەرنى مەھمۇدقا ئېيتقانىكەن، ئۇ بەكمۇ خۇشال بوپتۇ ۋە ھەسەنەمنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ياساپ ـ جابدۇپ، توختى باينىڭ ئۆيىگە ئەكەپتۇ. ھەسىنەم گۈلپەرىنى كۆرۈپ تونۇپتۇ، قىزمۇ كۆرۈپ تونۇپتۇ، لېكىن چاندۇرماي ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. ئاخىردا گۈلپەرى ھەسىنەمنىڭ دادىسىغا:

— توي كۈنى، قىز يۆتكەشتىن بۇرۇن ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈلخان يېقىلىشى، ئۇنىڭغا بىر تۆمۈر زىخ سېلىپ قويۇلۇشى لازىم. ئۇنتۇپ قالماڭلاركى، گۈلخان ئۆچۈپ قالمىسۇن، — دەپتۇ.

توي باشلىنىپتۇ، ھەممە ئىش گۈلپەرىنىڭ دېگىنىدەك بوپتۇ. قىز يۆتكىگۈچىلەر مەھمۇدنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، گۈلپەرى يانچۇقىدىن بىر سىقىم تىللانى ئېلىپ ئۇلار-

نىڭ ئالدىغا چېچىپتۇ. قىز - يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى تىللا تېرىش بىلەن بولۇپ كەتكەن پۇرسەتتىن غەنيمەت بىلگەن گۈلپەرى ھويلىغا كىرىپتۇ - دە، قىپقىزىل چوغقا ئايلانغان زىخنى قولىغا ئېلىپ، ئۆي ئىچىدىن: «ھارماڭ، خان ئاچا!» دېگىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىۋاتقان ھەسەنەمنىڭ سىڭلىسىنىڭ يۈرىكىگە تىقىپتۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، گۈلپەرى بىر كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ ھاۋانىڭ قەرىگە ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

مەھمۇد، ھاۋاخانلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ. باشقىلارمۇ بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ قېتىپ قاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن كۆك قەرىدىن ھېلىقى كۆك كەپتەر بىر قىزنى ھاپاش قىلغان پېتى تۆۋەنلەپ ھويلىغا چۈشۈپتۇ، بىر سىلكىنىپ گۈلپەرىگە ئايلىنىپتۇ - دە، ھەسەنەمنىڭ ئاتا - ئانىسىغا سالام بېرىپتۇ، ئاندىن ھېلىقى قىزنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇپ:

— دادا، ئانا، بۇ سىلىنىڭ ئۆز قىزلىرى. ئۆزلىرى تۇغقان كۈنى تىزناپ دەرياسى بويىدىكى چىشى ئالۋاستىمۇ تۇغقان. شۇ چاغدا ئۇ ئۆز قىزىنى سىلىگە قالدۇرۇپ، بۇ قىزنى ئېلىپ قاچقان. مەن زىخ سانجىپ ئۆلتۈرگەن ئۇنىڭ قىزى. مەن بايا ھېچنېمىگە قارىماي بېرىپ ئانا ئالۋاستىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىنسانىيەت ئالىمىدىن بىر نىجاسەتنى، ئەلنىڭ دۈشمىنىنى يوقاتتىم، — دەپتۇ.

مەھمۇد ۋە ھاۋاخانلار قىزنى سۆيۈپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئەھلى - جامائەت بولسا، گۈلپەرىنىڭ ئاجايىپ باتۇرلۇقىغا، ئەقىل - پاراسىتىگە ئاپىرىن ئېيتىپتۇ. قىز بىر ئەپسۇن ئوقۇپ ئۈرگەنىكەن، ھەسەنەم ئەسلىگە كەپتۇ. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. بۇ ئائىلىدە يېڭىۋاشتىن توي بوپتۇ.

«بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

## بىر شاھزادىنىڭ مۇھەببەتكە چۈشۈشى

بۇنىڭدىن كۆپ زامانلار ئىلگىرى، ھەزرىتى ئەلى زامانىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ھەددى - ھېسابسىز يەر - زېمىنى، مال - مۈلكى، تەختكە ۋارىسلىق قىلىدىغان بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. پادىشاھ ئوغلىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن، دائىم ئوغلىنىڭ كەلگۈسىنى ئويلايدىكەن. كۈنلەردىن ئايلار توشۇپ، ئايلاردىن يىللار توشۇپ، بالا يەتتە ياشقا كىرىپتۇ. بۇ كۈنى پادىشاھ ئوغلىغا شاھزادىلىك تونىنى كىيگۈزۈپ، يۇرت خەلقىگە كاتتا توي قىلىپ بېرىپ، توي مەرىكىسىدە ئوغلىنى تەربىيىلەيدىغان موللا، چەۋەنداز، پالۋانلارنى تاللاپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بالا ئۇستازلىرىدىن تەلىم ئېلىشقا باشلاپتۇ. بالىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، ئۇستازلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا شاھزادە ئىلىمدە، چەۋەندازلىقتا، پالۋانلىقتا ئۇستازلىرىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە تېز ئىلگىرىلەپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شاھزادە ئون سەككىز ياشقا توشۇپ نەۋقىران يىگىت بوپتۇ. ئۇنىڭ جىسمى بىلەن تەڭ ئەقىل - پاراسىتىمۇ ئۆسۈپ، جاھاندا تەڭداشسىز دانا، چەۋەنداز، پالۋان بولۇپ چىقىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ ئۆز ئارزۇسىدەك قابىل، يارامىلىق ئادەم بولغانلىقىدىن خۇش بولۇپ، ئۇنى ئاستا - ئاستا يۇرت

ئىشنى باشقۇرۇشنى ئىگىلىۋالسۇن، دەپ، ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، يېنىدىن ئايرىماي ئۆزىنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرىد-نى ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ. شاھزادە شاھ ئاتىسىنىڭ تەجرىبىد-لىرىنى ئۆگىنىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر كېچىسى ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە مۇنداق بىر ئىش كۆرۈپتۇ: شاھزادە يارەنلىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇلار ماڭا - ماڭا قويۇق بىر ئورمان ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ. ئورماندىن بىر كې-يىك چىقىپتۇ. شاھزادە ھەمراھلىرىغا كېيىكنى قورشاپ تى-رىك تۇتۇشقا بۇيرۇغانمىش. كېيىك قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتەلمەي، ئاخىر شاھزادىنىڭ بېشى ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆ-تۈپ قاچقانمىش. شاھزادە ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ كېيىكنى قوغلىغانمىش. ئۇ كېيىكنى قوغلاپ ھەمراھلىرىدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەندە، كېيىك بىردىنلا ئاغزىدىن بال تېمىپ، ئاھۇ كۆزىدىن نۇر يېغىپ، سۇمبۇل چاچلىرى يەرگە سۆرىلىپ تۇرغان، ئاق شايى كۆڭلەك كىيگەن، ئاي دېسە، ئاي ئەمەس، كۈن دېسە، كۈن ئەمەس، ھۆسن - جامالدا ئاي بىلەن كۈننى تاڭ قالدۇرىدىغان بىر ساھىبجامالغا ئايلىنىپ، بىر دەستە قىزىلگۈلنى تۇتۇپ كۈلگىنىچە شاھزادىگە قاراپ تۇرغانمىش. شاھزادە ئۇنىڭ كۆلكىسىگە ئەسىر بولۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغانمىش. قىز شاھزادىگە گۈلنى سۇنۇپ تۇرۇپ: «ئەگەر مېنى دېسىڭىز، يەتتە چىلتەنلەر ماكانىغا بېرىڭ» دەپ غايىب بولغانمىش....

شاھزادە بۇ ئاجايىپ چۈشنى كۆرگەندىن باشلاپ، قىز ئۇ-نىڭ قەلبىنى ئەسىر قىلىپ، كۆڭلىنى ئارامىدا قويماي، چىرايى سارغىيىشقا باشلاپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شاھزادە ياداپ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ. پادد-شاھ تەخت ۋارىسىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا دەرد يەتكەن-

لىكىدىن كۆڭلى تەشۋىشكە چۈشۈپ، قىلمىغان ئامالـلىرى، چاقىرتمىغان تېۋىپلىرى قالماپتۇ، لېكىن ھېچقايسىسى كار قىلماپتۇ. ئاخىر پادىشاھ شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈ- چۈن كاتتا بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. بەزمە قىزىپ، سازەندىلەر سازلىرىنى نەپىس مۇھەببەت غەزەللىرى بىلەن سازلىغاندا، بەزمە باشلانغاندىن بېرى خامۇش ئولتۇرغان شاھزادىنىڭ چىرايىغا سەل - پەل كۈلكە يۈگۈرۈپ، قويۇق مۇھەببەت پۇ- رىقى ئۇرغۇپ تۇرغان نەپىس، لەرزان، لىرىك غەزەل - مۇزد- كىلارنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئاڭلاپتۇ. بۇ چاغدا شاھ شاھزا- دىنىڭ قەلبىگە ئىشق ئوتى تۇتاشقانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. بەز- مىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، شاھ ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئوڭ قول ۋەزىرىنى شاھزادىنىڭ يېنىغا كىرگۈزۈپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر شاھزادىگە كىرىشتىكى مۇددىئاسىنى ئىزھارلاپ، شاھزادىدىن گەپ ئالماقچى بولۇپ سۆز باشلاپتۇ. شاھزادە ئوڭ قول ۋەزىرگە كۆرگەن چۈشىنى بايان ئەيلەپ بولۇپ:

— ئەي ھۆرمەتلىك ئوڭ قول ۋەزىر، شاھ ئاتامغا يەتك- كۈزگىن، مېنىڭ دەردىمنىڭ شىپاسى چۈشۈمدە كۆرگەن شۇ جانانىنىڭ دىدارىنى قايتا كۆرۈش، ۋەسلىگە يېتىش، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر شاھزادىدىن ئۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ھەيران قالغانچە پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. تەختىمگە ۋارىسلىق قىلىدۇ، دەپ ئوغلىدىن زور ئۈمىد كۈتۈپ ئولتۇر- غان پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ غەم - ئەندىشە دېڭىزىغا چۆ- كۈپتۇ، شاھزادىگە كاتتا ۋەدىلەر بىلەن نەسىھەت قىلىپ بې- قىپتۇ، لېكىن شاھزادىنى ئۆز سۆزىدىن ياندۇرالماپتۇ. ئاخىر ئۆز پۈشتىنىڭ بىھۇدە نابۇت بولۇشىغا قاراپ تۇرالماي:

— ئەي كۆزۈمنىڭ قارىچۇقى، بارغىن، يارنىڭ ۋەسلىگە يەتكىن، دەردكە شىپا تاپقىن، — دەپ ئىجازەت بېرىپتۇ.

شاھزادە ئاتىسىدىن ئىجازەت ئالغان كۈننىڭ ئەتىسى قىرىق بىر يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار ئۆز يۇرتىنىڭ تەۋەلىكىدىن چىقىدىغان چاغدا، شاھزادە يىگىتلەرگە:

— ئەي يارەنلىرىم، ياخشى كۈنلەردە ھەمدەمدە بولغاندۇق، يامان كۈنلەر بېشىمىزغا چۈشۈش ئالدىدا تۇرىدۇ، سىلەرنى بۇ يولغا باشلاشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، — دەپ يىگىتلەرنىڭ قايتىشىغا ئىجازەت بېرىپتۇ، لېكىن يىگىتلەر نېمە بولسا، تەڭ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قايتىشقا ئۇنىماپتۇ. شاھزادە يىگىتلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— ئەي يارەنلىرىم، ئەگەر سۆزۈمگە كىرمىسەڭلار، ماڭا مالاللىق تېپىپ بېرىسىلەر، — دەپتۇ. يىگىتلەر يەنە شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىشقا رايى بارماي، قايتىشقا رازى بولۇپ، ئەلەم بىلەن كەينىگە قارىشىپ، ئۆز يۇرتىغا قاراپ كېتىپ قاپتۇ.

شاھزادە ئۆزى يالغۇز ئېتىنىڭ مەيلىگە قويۇپ بېرىپ يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، قىرىق بىر كېچە ـ كۈندۈز بولدى دېگەندە، باش ـ ئايىغىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قاپتۇ، ئاشۇنداق كېتىپ بارسا، ئالدى تەرەپتىن بىر يېشىل گۈمبەز كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە ئېتىنىڭ بېشىنى گۈمبەز تەرەپكە بۇراپتۇ. شاھزادە گۈمبەزنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ گۈمبەز ئىچىگە كىرگۈدەك بولسا، گۈمبەزدە بېشى قازاندەك، بۇرنى يەڭدەك، ئاغزى موردىدەك، بىر قولىقىنى يېپىنچا، بىر قولىقىنى سېلىنچا قىلىپ ھايۋان سىياقىدىكى بىر ئادەم ياتقۇدەك. شاھزادە ئۇنىڭغا سالام قىلغاندىن كېيىن، چاپان قولاق:

— قەيەردىن كەلدىڭ؟ قايان كېتىپ بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كېلىشىم يار ئىشقى، بېرىشىم يار ۋەسلى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە.

— مەن سېنىڭ كېلىشىڭنى بىلەتتىم، بۈگۈن كېچە مۇشۇ يەردە قونۇپ قال، — دەپتۇ چاپان قۇلاق، لېكىن باشقا گەپ - سۆز قىلماپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىغا ھەيران بولۇپ، بۇنىڭدا بىر سىر بار دەپ ئويلاپ، قونۇپ قېلىشقا رازى بوپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە، چاپان قۇلاقنىڭ قىلغان دۇئا - تىلا - ۋەتلىرى شاھزادىنى ئويغىتىپتۇ. شاھزادە كۆزىنى ئېچىپ قا - رىغۇدەك بولسا، چاپان قۇلاق ئالدىدىكى بۇتلارغا چوقۇنۇپ، بۇتتىن ئۆزگە مەدەت، ياخشىلىق تىلەۋاتقانىكەن. شاھزادە ئۇ - نىڭ بۇتقا چوقۇنۇشىدىن ئۇنىڭ كۇپپار ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ - دە، ئىبادىتىنىڭ تۈگىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ چوقۇنۇشى تۈگەپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىغانىكەن، شاھزادە:



— سەن ئاۋارە بولۇپ، نېمە ئۈچۈن ئۇ لاي بۇتلارغا چو-قۇنۇپ يۈرىسەن؟ نەدىمۇ لاي بۇت ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلا-غىنى بار؟ — دەپ سورىغانىكەن، چاپان قۇلاق:

— ئاغزىڭنى يۇم، بولمىسا، بىر كاچات قويۇپ ئۆلتۈرۈ-ۋېتىمەن، — دەپ شاھزادىگە ھۈرپىيىپ كەپتۇ. شاھزادىمۇ چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپتۇ. ئۇلار شۇنداق ئېلىشىپتۇكى، ھاي - ھاي، ئۇلارنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان چاڭ - توزاننىڭ دەستىدە كۈن نۇرى توسۇلۇپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار يەتتە قەپەس ئېلى-شىپ بولغۇچە، ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ھېچقاي-سىسى يېڭەلمەپتۇ. بۇ چاغدا چاپان قۇلاق ھېرىپ، ھاسىراپ ھالىدىن كېتىشكە ئاز قاپتۇ. ئۇ يېڭىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن سەل ئارام ئېلىۋالماقچى بولۇپ:

— ئەي يىگىت، سەل تەخىر قىلساڭ، مەن بىر ئاز سۇ ئىچىۋالسام، — دەپ ۋارقىراپتۇ. شاھزادە:

— بىر شەرتىم بار، شۇنىڭغا كۆنسەڭ، سۇ ئىچىسەن، بولمىسا، ئېلىشقىنىم ئېلىشقان، — دەپتۇ.

— قېنى ئېيتە، نېمە شەرت؟ — دەپتۇ چاپان قۇلاق.

— سۇ ئىچسەڭمۇ ئىچىلى، لېكىن بۇرنىمىزدىن چىققۇ-چە ئىچەيلى، — دەپتۇ شاھزادە. چاپان قۇلاق ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار گۈمبەز تۈۋىدىكى بۇلاققا بېشىنى پاتۇرۇپلا قويلاردەك سۇ ئىچىشكە باشلاپتۇ. شاھزادە تۇمشۇقىنى سۇغا چىلاپ، سۇ ئىچكەن بولۇپ تۇرۇۋاپتۇ. چاپان قۇلاق كۆپۈلدىتىپ ئىچىپ-تۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇرنىدىن ھېچ سۇ چىقمىغۇدەك. ئۇ بۇر-نۇمدىن چىقىرىمەن دەپ، سۇنى كۆپ ئىچىۋەتكەچكە قورساق-لىرى كۆپۈپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا شاھزادە بېشىنى كۆتۈرگە-

نىكەن، بۇرنىدىن سۇ كورۇلداپ ئېقىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ چاپان قۇلاقنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشۈپتۇ. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ يەنە ئېلىشىشقا باشلاپتۇ. ئېلىشىش ئۇزۇن داۋام قىلـ-مايلا شاھزادە چاپان قۇلاقنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ، يېنىدىن خەنجەرنى سۇغۇرۇۋالغانىكەن، چاپان قۇلاق يالۋۇرۇپ، كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسەڭ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭغا:

— بىر شەرت بار، سەن شۇنى ئورۇندىساڭ، ئاندىن سېـ-نى تىرىك قويىمەن، بولمىسا، نىجىس كاللاڭ تېنىڭدىن جۇدا بولىدۇ، — دەپتۇ.

— باش ئۈستىگە، — دەپتۇ چاپان قۇلاق.

— ئېيتە، سەن مېنىڭ كېلىدىغانلىقىمنى قانداق بىلـ-گەن؟ ئادەم ئىزى باسماس چۆلدە تۇرۇپ قېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ شاھزادە.

— مەن سەن ئاشىق بولغان پەرىگە ئاشىق بولغىلى يەتتە يىل بولدى، لېكىن قولغا چۈشۈرەلمەي مۇشۇ يەردە پۇرسەت كۈتۈپ ياتىمەن، چۈنكى ئۇ گۈزەلنىڭ يەتتە ئاكىسى بار، بىر-بىرىدىن كۈچتۈڭگۈر پالۋان. ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيمەن. مەن سېنىڭ تۆت يىل ئىلگىرى مەن ئاشىق بولغان پەرىنىڭ قو-لىدىن گۈلدەستە ئالغانلىقىڭنى چۈشۈمدە كۆرگەن، شۇنىڭدىن بېرى سېنى ساقلاپ ياتقان، — دەپ، شاھزادىنىڭ كۆرگەن چۈشىنى ئەينەن سۆزلەپ بېرىپتۇ چاپان قۇلاق.

شاھزادە ئۆز مەشۇقىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولۇپ كېتىپتۇ-دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، چاپان قۇلاقنى ئىككى قولىقىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ:

— ئېيتە، ئۇ پەرى نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ. چاپان قۇلاق

ئۆزلىرى تۇرغان ئورۇننىڭ شەرق تەرىپىنى قول ئىشارىسى بىلەن كۆرسىتىپ:

— ئۇ يەر بىزدىن قىرىق بىر كۈنلۈك يىراقتا. ئۇ يەرنى يەتتە چىلتەنلەر ماكانى، دەپ ئاتايدۇ. ئۇ پەرى شۇ يەردە. مەن باراي دېسەم، يەتتە چىلتەن مېنى چاپناپ پۇركۈۋېتىدۇ، مەن بارالماي ياتقان، — دەپتۇ.

— سەن مېنى باشلاپ بارغىن، — دەپتۇ شاھزادە، لېكىن چاپان قۇلاق بارغىلى ئۇنىماپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالغاندا:

— بارسامىمۇ باراي، لېكىن يېقىن بارالمايمەن، — دەپ شاھزادىنى باشلاپ مېڭىپتۇ. ئۇلار يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ كېتىۋاتقاندا، چاپان قۇلاق ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇر-غان بىر تۈپ دەرەخنى شاھزادىگە كۆرسىتىپ:

— سەن بارماقچى بولغان يەر ئەنە شۇ يەردە، ئۇلار ئاشۇ دەرەخ تۈۋىدىكى بۇلاق سۈيىنى ئىچىپ ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ما-كانى شۇ بۇلاق تۈۋىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە، — دەپ ئالدىغا مېڭىشقا ئۇنىماپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ قايتىشىغا رۇخسەت قىلىپ، ئۆزى يالغۇز مېڭىپتۇ. شۇ ماڭغىنىچە ئالاھازەل چۆش - پېشىنغىچە يول يۈرۈپ، چاپان قۇلاق كۆرسەتكەن دە-رەخ تۈۋىگە يېتىپ كەپتۇ. ھاي - ھاي، بۇ دەرەخ شۇنداق دە-رەخكى، بىر تۈپ دەرەختە ئون ئۈچ شاخ بولۇپ، ھەربىر شې-خىنىڭ سايىسى مىڭ چامدام يەرگە چۈشۈپ تۇرىدىكەن. شاھزادە بۇلاققا سايە تاشلاپ تۇرغان شاخنى قايرىپ ئۆتۈپ، بۇلاق بېشىدا ئولتۇرۇپ يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، تەشنالىقىنى سۇپسۇزۇك مۇزدەك سۇدا قاندۇرۇپ راھەتلىنىپ ئولتۇرغانىكەن، تىنىق بۇلاق يۈزىدە ئۆزى چۈشىدە كۆرگەن مەشۇقى جىلۋە قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شاھزادە ئۇنى تۇتىمەن،

دەپ چاققانلىق بىلەن قول ئۇزاتقانىكەن، قولى مۇزدەك سو-
غۇق سۇغا چىلىشىپ سەل سەگەكلىشىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا
كەينىدىن پىخىلداپ كۈلگەن كۈلكە ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.
شاھزادە چاققانلىق بىلەن كەينىگە بۇرۇلغانىكەن، كۆز ئالدىدا
چۈشىدە كۆرگەندىنمۇ گۈزەل بىر قىز كۈلۈپ تۇرغۇدەك.
شاھزادە قانچە يىللاردىن تەشنا بولۇۋاتقان جانانىنى كۆرۈپ
ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈشكە
تاس ـ تاماس قاپتۇ. بۇ چاغدا قىز چەبدەسلىك بىلەن ئۇنى
يۆلەپ، شاھزادىنىڭ بېشىنى تىزىغا قويۇپ، يۈزىگە سوغۇق
بۇلاق سۈيىنى چېچىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. شاھزادە ئۆزىنى
مەشۇقىنىڭ قۇچىقىدا كۆرۈپ، ئۆزد-
نى ئالەمشۇمۇل بەخت ئىچىدە ياتقاندەك سېزىپ، شۇنچە يوللارنى بېسىپ
چەككەن رىيازەتنى دىلىدىن كۆتۈرۈ-
لۈپ كېتىپتۇ، قىزنىڭ كۆزىگە تەل-
مۈرۈپ قاراپ، قىزنىڭ قولىنى چىڭ
تۇتۇپتۇ. بۇ چاغدا قىز:

— جاپا چەكتىڭىز، شاھزا-
دەم، — دەپتۇ. شاھزادە بولسا:

— سىز ئۈچۈن ھەممىگە تەي-
يارمەن، — دەپ، قىزنىڭ بۇلاقتەك
تىنىق كۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇ-
رۇپتۇ. بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق
بەختلىك ئۇچرىشىشتىن دىلى سۆيۈ-
نۈپ، بىر ـ بىرىگە بولغان ئىشقىنى
ئىزھار قىلىشىپ كەچ كىرگەنىنىمۇ
سەزمەي قېلىشىپتۇ. بىر چاغدا



ئاسمان قاتتىق گۈلدۈرلەپ، يەر ھەيۋەت بىلەن تىترەپتۇ. شاھزادە بۇنىڭ نېمە ئالامەت ئىكەنلىكىنى بىلمەي، قىزدىن:
— ئەي گۈزەللەر شاھى، بۇ نېمە ئالامەت؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بۇ يەتتە ئاكامنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن بېشارەت. ئۇلار بۇگۈن ئەتىگەن ئوزۇقلۇق تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئوۋغا چىقىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ قايتىش ۋاقتى بولۇپ قالدى. مەن قايتمىسام، ئۇلار مېنىڭ بىر يات ئەر كىشى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغىنىمنى كۆرسە، چاپىناپ پۇركۇۋېتىدۇ، — دەپ، شاھزادە بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قاپتۇ.
شاھزادە ئۆز جانانىنىڭ لەۋەن قەدەملىرىگە مەست بولۇپ قاراپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا يەر - زېمىننى چاڭ - توزان قاپلاپ، بىرنەرسىنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. شاھزادە قارىغۇدەك بولسا، قىزنىڭ يەتتە ئاكىسى ھەربىرى يەتتە تۇپتىن قارىغاينى سۆرەپ، ئۆشنىسىگە مارال - كېيىكلەرنى پۇتۇن پېتى ئارتىپ كېلىۋاتقانىكەن. ئۇلار بۇلاق بويىدىكى دەرەختىن بىر چاقىرىمچە نېرىدىن ئۆتۈپ، ئۆز تۇرالغۇسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. شاھزادە ئۇلارنىڭ قامىتىگە قارىغىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ.
شاھزادە ئورنىدا تۇرۇپ تۇرسۇن، بىز گەپنى يەتتە چىلتەننىڭ ھۇزۇرىدىن باشلايلى:
يەتتە چىلتەن بىر كۈن ئوۋ قىلىپ، قالايدىغانغا ھەربىرى يەتتە تۇپتىن قارىغاينى سۆرەپ كەلگەچكە تولىمۇ ھېرىپ كېتىپ، ئۆيگە كىرىپلا ھەربىرى ئۆز تۆشەكلىرىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. بىر چاغدا چوڭ چىلتەن:
— ھەي، بۇ نېمە گەپ، بىزنىڭ بۇ تەۋەدە يات ئادەمنىڭ ھىدى پۇرايدىغۇ؟ — دەپتۇ. باشقىلارمۇ سەگەكلىك بىلەن

ئەتراپىنى كۆزىتىپتۇ، راستىنلا ئادەم ھېدى كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۆينىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرىنى ئاختۇرۇپتۇ، بىراق ھېچ نەرسىنى تاپالماي، ھەممىدىن كىچىك چىلتەننى:

— ماڭ، سەن چىقىپ تاشقىرىغا قاراپ باققىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ. ئۇ تاشقىرىغا چىقىپ، بۇلاق بويىدا ئولتۇرغان شاھزادىنى كۆرۈپ قورقۇپ قايتىپ كىرىپ، دىر - دىر تىترىگىنىچە ھېچ نەرسە دېيەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. ئاكىلىرى ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ:

— زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ يەنىلا ھېچنېمە دېيەلمەي تۇرۇپتۇ. ئاكىلىرى ئۇنى:

— شۇڭا، سېنىڭ ئىسمىڭنى قورقۇنچاق قويغان، — دەپ ئەيىبلىشىپ، ئالتىنچى چىلتەننى چىقىپ قاراپ بېقىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، بۇلاق بويىدا بىر ئادەم ئولتۇرغان. ئۇ بۇ ئادەمنى كۆرۈپ، قارىغاندا بۇ بوش ئادەم ئەمەس، شۇنداق بولمىسا، بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ، يېقىن بېرىشقا پېتىنالماي:

— ھەي، سەن كىم؟ سەن كىم؟ بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟ — دەپ يەتتە - سەككىز قېتىم ۋارقىراپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي، كۆڭلىگە بىر ھىيلە پۈكۈپ، بېشىنى بۇراپ قولى بىلەن قۇلىقىنى كۆرسىتىپ، مەن ساغرۇ، يېقىن كېلىپ گەپ قىل، دېگەن ئىشارەتنى قىپتۇ. ئۇ ئاستا - ئاستا يېقىنلاپتۇ. شاھزادىگە بىر قەدەم قالغاندا يەنە سوئالىنى تەكرارلاپ ۋارقىراپتۇ، شاھزادە يەنە ئىشارەت قىپتۇ. چىلتەن يېقىن كېلىپ شاھزادىنىڭ قۇلىقىغا ۋارقىرىماقچى بولغاندا، شاھزادە چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ كانىيىدىن بوغۇپتۇ - دە، ئۇنى لىككىدە كۆتۈرۈپ دەرەخنىڭ ئاچىسىغا بويىنىنى قىستۇرۇپ قويۇپتۇ. چىلتەن دەرەخنىڭ ئاچىسىدىن بويىنىنى چىقىرالماي،

شۇ يەردە تېپىچەكلىگىنىچە تۇرۇپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپتۇ.

چىلتەنلەر ئۇكىسىنىڭ چىقىپ كېتىپ قايتىپ كىرمەي-گەنلىكىگە ئەجەبلىنىپ، يەنە بىر ئۇكىسىنى قاراپ بېقىشقا چىقىرىپتۇ. ئۇ تاشقىرىغا چىقىپ، شاھزادىنى كۆرۈپ ئىنىسىد-دەك ۋارقىراپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭغىمۇ ئۆزىنىڭ ساغرۇ ئىكەنلىد-كىنى ئىشارەت بىلەن بىلدۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىمۇ كانىيىدىن بوغۇپ ئېلىپ دەرەخنىڭ يەنە بىر ئاچىسىغا بويىنىنى قىستۇرۇپ قو-يۇپتۇ...

شۇنداق قىلىپ، شاھزادە ئالتە چىلتەننىڭ دەرەخنىڭ ئا-چىسىغا قىستۇرۇپ قويۇپتۇ. ئەڭ ئاخىردا ھەممىدىن چوڭ چىلتەن ئۇكىلىرىنىڭ قايتىپ كىرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلار ئەجەب قايتىپ كىرمەيدىغۇ، نېمە ئىش بولغاندۇ، دەپ ئويلاپ، ھەيرانلىق ئىچىدە تاشقىرىغا چىقىپ قارىغۇدەك بول-سا، ئالتە ئۇكىسى دەرەخنىڭ ئالتە ئاچىسىغا قىستۇرۇقلۇق تۇرغۇدەك، بۇنى كۆرۈپ دەرغەزەپكە كەپتۇ ـ دە، باشقا گەپ-سۆز قىلماي نەرە تارتقىنىچە شاھزادىگە ئېتىلىپتۇ. شاھزادى-مۇ ئۇ يېتىپ كەلگۈچە ئېلىشىشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويۇپتۇ. ئۇلار شۇنداق ئېلىشىپ كېتىپتۇكى، پۇتى بىلەن يەرنى تىل-غاپ، بېلى بىلەن تەڭ ئويۇۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئايىغىدىن كۆ-تۈرۈلگەن چاڭ ـ توزاندىن جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. ئۇلارنىڭ پۇتى ھەربىر قېتىم يەرگە چۈشسە، يەر ـ زېمىن تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇلار شۇنداق توختىماي يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپ، ئاخىر شاھزادە چىلتەننى بېسىۋاپتۇ. شاھزادە بىر تىزى بىلەن چىلتەننىڭ گەجگىسىدىن بېسىپ تۇرۇپ، يېنى-دىن شەمشەرنى چىقارغانىكەن، چىلتەن قورقۇپ كېتىپ:

— ئەي باتۇر يىگىت، باتۇرلارنىڭ مەرد كېلىدىغانلىقىنى

ئۇنتۇما. سېنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ بىز بىلەن ئېلىشىشىڭ نە ۋەجىدىن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولارمۇ؟ — دەپ گەپ سوراپتۇ. شاھزادە چىلتەنگە:

— سىلەر بىلەن ئېلىشىشىمدىكى سەۋەب يار ۋەسلى ئۇچۇندۇر، — دەپ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە قەدەم بېسىش مەقسىتىنى بايان ئەيلەپتۇ. چىلتەن شاھزادىنىڭ بايانىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن قايىل بولۇپ:

— «ئېلىشمىغۇچە تېپىشماس» دېگەن گەپ بار. مەن سېنىڭ باتۇرلۇقۇڭغا قايىل، بىزمۇ ساڭا ئوخشاش بىر باتۇرنى ئارزۇ قىلىپ تۇراتتۇق، بىز سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزەيلى، — دەپ شاھزادىگە قول بېرىپتۇ. شاھزادە ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، دەرەخنىڭ ئاچىسىغا قىستۇرۇپ قويغان چىلتەنلەرنى يەرگە چۈشۈرۈپتۇ. چىلتەنلەر شاھزادە بىلەن ئايرىم - ئايرىم كۆرۈشۈپ بولۇپ، ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلىشىپتۇ. شاھزادە ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىغا قەدەم بېسىشىغا، ئۇلار شاھزادىنىڭ مۇبارەك قەدىمى يەتكەنلىكىنى تەبرىكلەپ، شاھزادىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىپتۇ. بەزمە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن چىلتەنلەر ئۆز رازىلىقى بىلەن سىڭلىسىنى چاقىرىپ شاھزادىگە تاپشۇرۇپ، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ خاس ھۇزۇرىغا قايتىپتۇ، شاھزادە بىلەن قىزنى خالىي قالدۇرۇپتۇ. شاھزادە بىلەن قىز دىدار ۋەسلىگە قېنىشىپ، ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىشىپتۇ. شۇ چاغدا شاھزادە:

— ئەي مەشۇقۇم، ۋەسلىڭىزدىن ھۇزۇرلىنىپ، سىز ئۈچۈن چەككەن رىيازەتلىرىم موريدىن كۆتۈرۈلگەن تۈتۈندەك غايىب بولدى، — دەپ، قىزنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇ دۇنياسىغا غەرق بوپتۇ. قىزمۇ ئۆز مەشۇقىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى چەككەن رىيازەتلىرىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ ئارامىنى

بۇزماي، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، چىراي بوستانلىرىنى سەيلە قىلىپ، دىدار تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ....

شاھزادە شۇ ئۇخلىغىنىچە تۈن يېرىمىغىچە ئۇخلاپتۇ. تۈن نىسپى بولغاندا قاتتىق يەر تەۋرەپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، دەھشەتلىك چاقماق چېقىپ، قارا بوران ئاچ بۆرىدەك ھۇۋلاپتۇ. قىز بۇ ھالدىن بىر شۇملۇقنى سېزىپتۇ... شاھزادىنى ئويغىتىش ئۈچۈن چاقىرىپ بېقىپتۇ، سىلكىپ بېقىپتۇ، يىغلاپ بېقىپتۇ، ئەپسۇس، شاھزادىنى ئويغىتالماي تۇرغاندا، ھەيۋەتلىك بىر ئوت چەمبىرىكى ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن كىرىپ قىزنى يالماپ سۈمۈرۈپتۇ - دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ....

شاھزادە ئەتىسى سەھەر ئويغىنىپ قارىسا، يېنىدا قىز يوق. ئۇ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ھەيران بولۇپ، تاشقىرىغا چىقىپ يەتتە چىلتەندىن سورىغانىكەن، ئۇلار:

— بىز ئاخشام سىلەرنى يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كەتكەنچە ئۇنى كۆرمىدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ. شاھزادە بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ئەجەبلىنىپتۇ، تەمتىرەپ، ھودۇقۇپتۇ. شاھزادە ئۇلاردىن:

— قىزغا يامان كۆز بىلەن قاراپ يۈرگەن بىرەر مەلئۇن بارمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇلار بۇ سوئالغا بىرنەرسە دېيەلمەي بىر - بىرىگە قارىشىپتۇ. بۇ چاغدا «قورقۇنچاق» دەپ نام ئالغان ھەممىدىن كىچىك چىلتەن:

— تۈن نىسپى بولغاندا يەر - زېمىن ھەيۋەتلىك تىترەپ، دەھشەتلىك بوران چىقىپ، بىر ئوت سىلەر ياتقان ئۆينىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، — دەپتۇ. باشقىلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قىزنى دىۋە ئېلىپ قاچقانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ. شاھزادە بۇنى ئاڭلاپ ئاھ ئۇرۇپ زارلىنىپتۇ. چىلتەنلەر شاھزادىگە تەسەللى بېرىپ:

— غەم قىلىپ كەتمىگىن، بۇنىڭ ئامالى بار. سەن قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى چاپان قۇلاقنى تاپساڭ، ئۇ ساڭا يول باشلاپ بارىدۇ، چۈنكى دىۋىلەر ئۇنى جازالاپ ئىنسانلار ئارىسىغا ھەيدىۋەتكەن، ئۇنىڭ ئەسلىي زاتى دىۋە. قالغان تەرەپلىرىنى ئۆزۈڭ بىر ئامال قىلارسەن، — دەپتۇ. شاھزادە قايغۇ - ھەسرەت، ئەلەم، دەرد - پىغان ئىچىدە چىلتەنلەر بىلەن خوشلىشىپ، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى يېشىل گۈمبەزدە قالغان چاپان قۇلاقنىڭ يېنىغا قاراپ يول ئاپتۇ.

شاھزادە يېشىل گۈمبەزگە كىرىپ چاپان قۇلاق بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ. چاپان قۇلاق شاھزا- دىنىڭ بايانىنى ئاڭلاپ:

— راست، قىزنى كېچە تۈن نىسپى بولغاندا دىۋە ئېلىپ قاچتى، — دەپ ئېتىراپ قىپتۇ. شاھزادە بۇنى ئاڭلاپ، ئۆز مەشۇقىنى ئىزدەش نىشانى تېپىلغانلىقىغا خۇش بولۇپ:

— سەن مېنى شۇ دىۋىلەر ماكانى كۆھقاپقا باشلاپ بار-



غىن، — دەپتۇ. چاپان قۇلاق بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن:
— ياش جېنىڭنى بىكار نابۇت قىلغۇچە بارمايلا قوي، — دەپتۇ. شاھزادە بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ:
— بىزدە: «جاندىن كەچمىگۇچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن گەپ بار. جانانسىز ياشىغاندىن ياشىمىغان ئەۋزەل. باشلاپ بارامسەن، بارمامسەن، بولمىسا، بوغۇزلاپ تاشلايمەن، — دەپ قولىنى شەمشىرىگە ئۇزاتقانىكەن، چاپان قۇلاق شاھزادىنىڭ پەيلىدىن قورقۇپ، باشلاپ بېرىشقا رازى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىسى كۆھىقاپقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ نۇرغۇن چۆل - جەزىرە، باياۋانلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ، قانچىلىغان تاغ - داۋانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئاتلارنىڭ تاقىسى چۈشۈپ تېشىرقىغاندا ئاندىن بىر مەنزىلگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ چاغدا چاپان قۇلاق ئاتتىن چۈشۈپ:
— دىۋىلەر ماكانىغا يېتىپ كەلدۇق. ئەھۋالدىن قارىغاندا دىۋىلەر ئۇيقۇدا ئوخشايدۇ، — دەپتۇ. شاھزادىمۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مېڭىپ:
— قېنى، مېنى دىۋىنىڭ ماكانىغا باشلاپ بارغىن، — دەپتۇ. چاپان قۇلاق شاھزادىنى بىر قۇدۇق بېشىغا باشلاپ كېلىپ:
— بۇ دىۋىنىڭ يەر يۈزىگە چىقىش يولى، سەن مۇشۇ يەردىن چۈشسەڭ، دىۋىلەر ماكانىغا چۈشەلەيسەن. قالغان سىرلىق تەرەپلىرىدىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق. ساڭا ئامانلىق تىلەيمەن، — دەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. شاھزادە چاپان قۇلاققا رەھمەت ئېيتىپ، قۇدۇققا چۈشۈشكە تەرەددۇت قىلىپ ئامال تاپالماپتۇ. بۇ چاغدا چاپان قۇلاق ئاتلارنى باغلاش ئۈچۈن ئېلىۋالغان قىرىق غۇلاچ ئارغامچىنى ئەكېلىپ قۇدۇققا تاشلاپ:

— ئارغامچا بىلەن چۈشكىن، قايتىپ چىقىشتىمۇ ئارغامـ
چىغا ئېسىلىپ چىقمىساڭ، باشقا ئامال يوق، — دەپتۇ.
شاھزادە چاپان قۇلاققا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتىپتۇ. چاـ
پان قۇلاق شاھزادىگە:
— مەن سېنى قىرىق بىر كۈن ساقلايمەن. شۇ ۋاقىتقىـ
چە ئارغامچا مىدىرلىمىسا، قايتىپ كېتىمەن، — دەپتۇ.
شاھزادە قۇدۇققا چۈشۈپتۇ...
ئۇ قازاننىڭ قارىسىدەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئالاھازەل
بىر كۈن تۆۋەنگە سىيرىلىپ، ئاخىر پۇتى يەرگە تېگىشى بىلـ
لەن جاھان يورۇپ، ئەتراپنى پەرق ئەتكىلى بوپتۇ. لېكىن،
شاھزادە قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، يىراق
بىر جايدىن يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. شاھزادە ئاۋاز كەلگەن
تەرەپنى نىشانلاپ ئوڭ قولغا بۇرۇلۇپ يۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ كېـ
تىۋاتقان يولى ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولۇپ، تاشقا ئايلىنىپ
كەتكەن ئادەملەر، يېرىمى تاشقا ئايلانغان، يا ئۆلۈككە، يا تىـ
رىككە تەۋە بولمىغان ئادەملەر، تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن ھەر
خىل يىرتقۇچ ھايۋانلار تۇرغۇدەك. شاھزادىنىڭ بۇنى كۆرۈپ
تېنى شۈركۈنۈپتۇ. ئۇ يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، لاۋۇلداپ
كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدە بىر ئادەمنىڭ تولغىنىپ نالە ـ زار
قىلىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ بىچارىگە ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى
ئوتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويماقچى بولۇپ قەدىمىنى شۇ تەرەپكە
ئالغانىكەن، غايىبتىن:
— ئەي ئوغلۇم، قەدىمىڭنى توختات، مۇراد ـ مەقسىـ
تىڭگە يېتىش ئۈچۈن ئارتۇقچە ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمە. ساڭا
دىلبىرىڭ ھەمدەمدە بولىدۇ، — دىگەن ئاۋاز كەپتۇ. شاھزادە
بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئەتراپقا قارىغانىكەن، ھېچقانداق
ئادەمزاتتىن شەپە بولماپتۇ. شاھزادە قەدىمىنى توختىتىپ

بىر ئاز سەگەكلىشىپتۇ ـ دە، ئەسلىدىكى نىشانى بويىچە يولنى داۋام ئېتىپتۇ. شۇ ماڭغىنىچە ئاخىر يىغا ئاۋازى چىققان يەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ ئاڭلىغان يىغا ئاۋازى ئۆز مەشۇقىنىڭ زارى ئىكەن. قىز شاھزادىنى كۆرۈپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاشقا باشلاپتۇ. شاھزادە قەپەسكە پۈتىنى تىرەپ ياتقان دېۋىنى كۆرسىتىپ، يىغلىماسلىققا ئىشارەت قىپتۇ. قىز شاھزادىنىڭ ئىشارىتىنى چۈشىنىپ، ئۈنسىز كۆز ياشلىرىنى تاراملاپ ئاققۇزۇپ، شاھزادىگە قەپەستىكى قۇش كۆككە تەلمۈرگەندەك تەلمۈرۈپ قاراپتۇ. شاھزادە قىزنىڭ بىچارىلەرچە قىياپىتىنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلىپ بىر قىسما بولۇپ كېتىپتۇ ـ دە، دېۋىنىڭ تۆمۈر قەپىسىنى كۈچ بىلەن يىمىرىپ تاشلىماقچى بولۇپ غەزەپ بىلەن قول ئۇزاتقانىكەن، قەپەسنىڭ سالاسۇنلىرى ئاستا ـ ئاستا يوغىناپ ئادەمنىڭ يوتىسىدەك بولۇپ، يوچۇقلار ئېتىلىپ، قىز كۆرۈنمەي قاپتۇ. شاھزادە بۇ ھالدىن، كۈچ ئارقىلىق دېۋىگە تەڭ كەلگىلى بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا پەم ئىشلەتمەك كېرەكلىكىنى چۈشىنىپتۇ ـ دە، قەپەسنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قەپەس ئەسلىگە كېلىپ قىز كۆرۈنۈپتۇ. بۇ چاغدا شاھزادە:

— ئەي دىلبىرىم، بۇ مەلئۇننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن كۈچ ئەمەس، پەم كېرەككەن، بۇ نىجىس ئۇخلار ۋاقتىدا سىزگە بىرنەرسە دېمىدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز:

— ئۇخلار ۋاقتىدا ئۇ: «ئەگەر مەن ساڭا كېرەك بولۇپ قالسام كۈلگىن، بولمىسا، مەن قىرىق بىر كۈندىن كېيىن ئويغىنىمەن» دېگەن، — دەپتۇ. شاھزادە بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن، قىزغا:

— سىز ئۇنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭ سىرىنى بىلىڭ، شۇ

چاغدا بىر ئامان قالىمىز، — دەپ، ئۆزى ئويلىغانلىرىنى ئېيىتىپتۇ. قىز شاھزادىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. شاھزادە شۇ زامات ئۆزىنى دالدىغا ئاپتۇ. قىز شاھزادە يوشۇرۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، دەسلەپ ئۆزىگە كۈلۈش خۇشياقمىسىمۇ مېيىقىدا كۈلۈپتۇ. بۇ چاغدا دىۋە سەل - پەل مىدىرلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىز جان ئاچچىقى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ. ئۇنىڭ كۈلكىسى تۇختىشى بىلەن، دىۋە چۆچۈپ ئويغىنىپ:

— ئەي ئامرىقىم، مېنى ۋاقىتسىز ئويغىتىشقا نېمە سەۋەب بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز:

— سەن تولىمۇ رەھىمسىز ئىكەنسەن، مەن ئاجىز بىر قىزنى قەپەسكە سولاپ قويۇپ بەخىرامان ئۇخلاشقا قانداق كۆڭلۈڭ ئۇنايدۇ؟ مەن ساڭا ئوخشاش قارا نىيەت ئەمەس. سەن مېنى يا ئازاد قىلىۋەتكىن، يا بولمىسا، ئۆزۈڭنىڭ جېنىنى ماڭا ھەمراھ قىلىپ قويۇپ ئۇخلىغىن. مەن قەپەستە يالغۇز ئولتۇرسام ئىچىم پۇشۇپ كېتىدىكەن، — دەپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان دىۋە راستتىنلا قىزنىڭ ئاجىزلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ قولىدىن ئۆزىگە ھېچبىر يامانلىق كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپ:

— مېنىڭ جېنىم بىر تال زەھەرلىك يىلان، ئۇ سەن كۆرۈپ تۇرغان ئاشۇ قۇلۇپقا بەند قىلىنغان، — دەپ، قەپەسكە سېلىپ قويغان ئادەم بېشىدەك قۇلۇپنى كۆرسىتىپتۇ. قىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— مەن شۇ يىلاننى بىر كۆرۈپ باقسام، ئۇنى قۇلۇپ ئىچىدىن قانداق چىقارغىلى بولىدۇ؟ — دەپتۇ.

— قۇلۇپنى چاقىدىغان گەپ، — دەپتۇ دىۋە.

— شۇنچە زور قۇلۇپنى چاققىلى بولارمۇ؟ — دەپتۇ قىز

ھەيران بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ، دىۋىگە ناز بىلەن قاراپ. دىۋە
قىزنىڭ نازىنى كۆرۈپ دىلى يايراپلا كېتىپتۇ - دە، كۆرەڭلى-
گەن ھالدا:
— ئەلۋەتتە چاققىلى بولىدۇ، پەقەت مېنىڭ كۈچۈم بى-
لەن، — دەپتۇ ئادەمنىڭ بېشى پاتقۇدەك بۇرۇن تۆشۈكىنى
كۆرسىتىپ تۇرۇپ. قىز بۇنىڭدىن بىر ئىشنى چۈشىنىپتۇ -
دە، جىم بولۇپ قاپتۇ. دىۋە قايتىدىن ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇ.
ئۇنىڭ سەت خورىكى يەرنى تىترىتىپ، ھەربىر نەپىسى قە-
پەسنى ئورنىدىن تەۋرىتىپ تۇرغۇدەك. شۇ چاغدا شاھزادە مۆ-
كۈپ ياتقان يېرىدىن چىقىپ قىزدىن ئەھۋالنى سورىغانىكەن،
قىز دىۋىنىڭ ئېيتقانلىرىنى، ھەرىكەتلىرىنى تەپسىلىي سۆز-
لەپ بېرىپتۇ. شاھزادە ئەھۋالنى چۈشىنىپ، دىۋىنىڭ نەپىسى-
دىن پايدىلىنىپ قۇلۇپنى چاقماق كېرەك ئىكەنلىكىنى بى-
لىپتۇ - دە، دىۋىنىڭ بۇرنىغا كەپلەيدىغان تاش تاپماققا تە-
رەددۇت قىپتۇ، لېكىن ھېچبىر مۇۋاپىق تاش تاپالماپتۇ. ئا-
خىر دىۋىنىڭ بېشى ئاستىدا ئادەم بېشىچىلىك تاشتىن يەت-
تىسى بارلىقىنى كۆرۈپ، شۇ تاشتىن بىرىنى پەم بىلەن ئاپ-
تۇ - دە، دىۋىنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىگە توغرىلىغانىكەن، تاش
دەلمۇدەل كەپتۇ. دىۋە ئىچىگە تارتىپ نەپەسلەنگەندە شاھزادە
تاشنى قويۇپ بەرگەنىكەن، تاش دىۋىنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىگە
كىرىپ كېتىپتۇ. دىۋە بۇ چاغدا قاتتىق بىر چۈشكۈرگەنى-
كەن، بۇرنىغا كىرىپ كەتكەن تاش سالغىدىن ئايرىلغان تاش-
تەك ۋىژىلداپ ئۇچۇپ بېرىپ قەپەسكە سېلىنغان قۇلۇپقا
دەھشەت بىلەن ئۇرۇلۇپ، يالت - يۇلت قىلىپ چاقماق چې-
قىپتۇ - دە، قۇلۇپ كۇكۇم - تالقان بوپتۇ، ئىچىدىن بىر
قارا چېپار يىلان چىقىپ زەھرىنى چاچراتقىنىچە شىددەت
بىلەن شاھزادىگە ئېتىلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھزادە قىلىچە

ئىككىلەنمەي، يېنىدىن قىلىچىنى چىقىرىپ يىلاننى قاق بېلى-دىن چېپىپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ. يىلان سەت چىرقىراپ يەردە تولغىنىپ يېتىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، دۈمۈ ئىككى پارچە بولۇپ تىن تارتماي ياتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن شاھزادە خا-تىرجەم بولۇپ، قىزنى قەپەستىن چىقىرىپ، قايتىپ كېتىش ئۈچۈن كەينىگە يېنىپتۇ. شاھزادە قايتار چېغىدا، كىرگەندە كۆرگەن قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك مەنزىرىلەردىن ئەسەرمۇ قال-مىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ...

شاھزادە قۇدۇق تۈۋىگە كېلىپ قىزنى ئارغامچىغا ئېسى-لىشنى ئېيتقانىكەن، قىز:

— مەن سىزنى چىقىرىۋېتەي، بولمىسا، چاپان قۇلاقنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ سىزگە زىيانكەشلىك قىلىشى مۇمكىن، — دەپ، ئارغامچىغا ئېسىلىشقا كۆنمەپتۇ. شاھزادە:

— ئارتۇقچە گۇمان قىلىپ كې-تىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. مەن بىر ئو-غۇل بالا تۇرۇپ قانداق سىزنى يەر ئاستىدا قويۇپ ئۆ-زۈم چىقىپ كېتى-مەن ! — دەپ، قىزنىڭ ئۇنىمىغى-نىغا قارىماي قىز-نى بىر ساندۇققا



سىلىپ ئارغامچىغا ئەپچىللىك بىلەن تېڭىپتۇ ـ دە، ئارغامچىنى چاپان قۇلاق بىلەن پۇتۇشكىنى بويىچە مىدىرلىتىپتۇ. شاھزادىنىڭ ھايات قېلىشىدىن ئۈمىد ئۈزگەن چاپان قۇلاق شاھزادىگە بەرگەن ۋەدىسى بويىچە دېگەن مۆھلەتنىڭ پاتراق توشۇشىنى كۈتۈپ زېرىكىپ ئولتۇرغاندا، ئارغامچىنىڭ مىدىرلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران قالغانلىقىدىن نېمە كارامەت بولغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىراپ، ئارغامچىنى تارتىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئارغامچىنى تارتىپ ئاخىر ساندۇقنى قۇدۇق ئۈستىگە چىقىرىپ، ئارغامچىنى يەنە قۇدۇققا ساڭگىلىتىپتۇ. ئۇ، دېۋە ھەرقاچان شاھزادىنى قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىپ ساندۇققا قاچىلاپ يەر ئۈستىگە چىقىرىۋېتىپ، كەينىدىن ئۆزى چىقىپ مېنى قىيما ـ چىيما قىلماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كۆرە ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىشنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلمامدىمەن... دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، تارتىۋاتقان ئارغامچىنى چىشلەپ تۇرۇپ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچقانىكەن، ساندۇقتا لەختە ـ لەختە بولۇپ قانغا بويىلىپ ياتقان شاھزادىنى ئەمەس، ئۆزى ئۇزۇندىن بۇيان ئىشقىدا قىينىلىپ كېلىۋاتقان جانانىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھايات قېلىشىدىن ئۈمىد ئۈزگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ، ئەمدى ئۆز مەقسىتىگە يېتىشكە پۇرسەت كەلگەنلىكىنى بىلىپ، چىشلەپ تۇرغان ئارغامچىنى قىزغا قاراپ ھىجايغىنىچە ئاستا ـ ئاستا بوشىتىپ قويۇپ بېرىپتۇ. قىز ئۇنىڭ ئۆزىگە يامان نىيەتتە چاڭگال سالماقچى بولغانلىقىنى سېزىپ، چاققانلىق بىلەن ئارغامچىغا قول ئۇزاتقان بولسىمۇ، قولى ئارغامچىغا يەتمەي، ئارغامچا قۇدۇق تېگىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. قۇدۇقنىڭ يېرىمىغا چىقىپ قالغان شاھزادە ئۆزىنىڭ قايتا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ ـ

ده، قىزنىڭ سۆزىگە كىرمىگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىپ
كۆزىنى چىڭ يۇمۇپتۇ. شاھزادە ئاللادىن مەدەت تىلەپ بولغۇ-
چە، يەر تېگىگە چۈشۈپ دېمى بوغۇلۇپ قاپتۇ.

ئۇنىڭ قانداق تەقدىرگە دۇچار بولغانلىقىنى قويۇپ، ئەم-
دى گەپنى چاپان قۇلاق بىلەن قىزدىن ئاڭلايلى:

قىز ئارغامچىنىڭ سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ خېلى چاققانلىق قىلغان بولسىمۇ، چاپان قۇلاقنىڭ
توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن ئارغامچىنى تۇتالماي، چاپان قۇلاق-
نىڭ راستتىنلا ئارغامچىنى مەقسەتلىك قويۇۋەتكەنلىكىنى بى-
لىپتۇ - دە، غەزەپ بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، چاپان
قۇلاقنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى
بوپتۇ. لېكىن، بىچارە قىزنىڭ ئۇنىڭغا قانداق كۈچى يەتسۇن؟
قىز خېلى تىركىشىپ - تىرمىشىپ باققان بولسىمۇ، چاپان
قۇلاقنىڭ بىر تال موينىمۇ تەۋرىتەلمەي رەللە بوپتۇ - دە،
ئۇنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈشكە كۆڭلى قىيماي، بۇ جاھاندىن
بىراقلا قۇتۇلۇشنى ئويلاپ، چاپان قۇلاقنىڭ چاڭگىلىدىن يۇل-
قۇنۇپ چىقىپ، ئۆزىنى قۇدۇققا ئاتماقچى بولغاندا، قىزنىڭ
سۇمبۇل چاچلىرى چاپان قۇلاقنىڭ بىلىكىگە يۆگىلىپ قېلىپ
قۇدۇققا سەكرىيەلمەي قاپتۇ. چاپان قۇلاق قىزنى قۇدۇق بې-
شىدىن قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە
پەرۋا قىلماي، سېرىق قۇشقاچنى باسماق باسقاندەك ساندۇققا
سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ، لىككىدە كۆتۈرۈپ، ئاتنىڭ
كەينىگە ئېلىپ غانجۇغلاپ ئۆز شەھىرىگە قاراپ ئېتىغا قام-
چا ساپتۇ. چاپان قۇلاق ئەسلى دىۋىلەر كىشىلەر ئارىسىغا پا-
لىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ زوراۋانلىق كۈچىگە تايىنىپ
جوھۇتلار پادشاھلىقىنى تارتىۋالغانىكەن. ئۇ ئۆزى ئېلىپ
كېتىۋاتقان قىزنى چۈشىدە كۆرۈپ ئاشىق بولغاندىن كېيىن

پادىشاھلىقنى ئوغلىغا تاپشۇرۇپ، قىزنى ئىزدەپ سەپەرگە چىقىپ، قىزنى قولغا چۈشۈرەلمىگەندىن كېيىن، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى يېشىل گۈمبەزدە پۇرسەت كۈتۈپ يېتىپ شاھزادە بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىكەن. چاپان قۇلاق ئاخىر ئۆزى ئاشىق بولغان قىزنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىگە خۇش بولۇپ، كېچە - كۈندۈزنى پەرق ئەتمەي يولنى داۋام قىپتۇ. ئۇ شۇنداق يۈرۈپ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ - دە، قىزنى ساندۇقتىن چىقىرىپ:

— مەن سەن ئۈچۈن شۇنچە يىللار رىيازەت چەكتىم، شۇڭا سەن ئەمدى مەن بىلەن توي قىلىسەن، — دەپتۇ. قىز ئۆزى ۋەدە بەرگەن، ھاياتىنى ساقلاپ قالغان ياردىن ئايرىلىپ، يات بىر مەخلۇقنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ، قان - يىغلاپ تۇرۇپ:

— سېنىڭ ئىلكىڭدە ياشىغاندىن ئۆلگىنىم ئەۋزەل، — دەپ، چاپان قۇلاقنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىپتۇ، چاپان قۇلاق قول تەگكۈزمەكچى بولسا، ئۆلۈۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يىغىن يولاتماپتۇ. چاپان قۇلاق قىزنىڭ ئۆلۈۋېلىشىدىن ئەندىسىرەپ، كۈندە ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ يالۋۇرۇپ، توي قىلىشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپتۇ. ئاخىر قىز ئۆزىگە كېلىۋاتقان ئاۋارىچىلىكلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن:

— ئەي چاپان قۇلاق مەخلۇق، سەن مېنى ياشىسۇن، دېسەڭ، كۈندە يېنىمغا كىرىپ يۈرىكىمنى زېدە قىلماي، ئارام ئالغىلى قوي. راستتىنلا مەن بىلەن توي قىلماقچى بولساڭ، مېنىڭ يېنىمغا قىرىق بىر كۈن كىرگۈچى بولما، — دەپتۇ، چۈنكى قىز شاھزادىنىڭ چوقۇم ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىشىگە ئىشىنىدىكەن. قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان چاپان قۇلاق قىرىق بىر كۈندىن كېيىن ئۆز مەقسىتىگە يېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ

چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ ھەم بۇ خۇشاللىقنى پۈتۈن ئا-
لەمگە نامايان قىلىش ئۈچۈن كاتتا توي قىلماقچى بوپتۇ.

چاپان قۇلاق توي تەييارلىقى بىلەن تۇرۇپ تۇرسۇن، بىز گەپنى قۇدۇق تېگىدە قالغان شاھزادىدىن ئاڭلايلى:

قۇدۇقنىڭ تېگىگە چۈشۈپ كەتكەن شاھزادە بىر ھەپتە ھوشسىز يېتىپ ئاستا - ئاستا ئېسىگە كېلىپ، كۆزىنى ئې-
چىپ ئۆزىنىڭ قۇدۇق ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، نېمە ئەھۋال بولغانلىقىنى ئەسلەپ، ئۆزىنىڭ بىخەستەلىك قىلغان-
لىقىنى چۈشىنىپتۇ - دە، قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، يەر يۇ-
زىگە چىقىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. شۇ چاغدا ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. شاھزادە ئۆز ئېتىنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ، ۋاپادار ئېتىنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى بىلىپ دىلى چەكسىز سۆيۈنۈپتۇ. لېكىن، قانداق قىلىشنى بىلمەي، خۇشاللىقى بىردەمدىلا قۇمغا سىڭگەن سۇدەك غايىب بولۇپ، بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ، يەردە ياتقان ئارغامچىنى كۆرۈپتۇ - دە، ئۇنىڭ قەلبىدە يەنە ئۈمىد تۇغۇلۇپتۇ، ئارغام-
چىنى قولىغا ئېلىپ، ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى ئەپچىل يۆگەپ يۇقىرىغا قارىتىپ ئاتقانىكەن، ئارغامچا بىرىنچى نۆۋەتتە قاي-
تىپ چۈشۈپتۇ. ئىككىنچى قېتىم ئاتقانىكەن، يەنە قايتىپ چۈشۈپتۇ. شاھزادە ئۈچىنچى قېتىم پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئاتقانىكەن، ئارغامچا قايتىپ چۈشمەپتۇ. شاھزادە بىرھازا ساقلاپ تۇرۇپ ئارغامچىنى مىدىرلاتقانىكەن، يەنە ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. شاھزادە ئارغامچىنى بېلىگە چىگىپ، بىر ئىسقىرتقانىكەن، ئات ئارغامچىنى چىشلەپ ئاس-
تا - ئاستا تارتىشقا باشلاپتۇ. شاھزادە ئاخىر ئاتنىڭ ياردىمى بىلەن قايتا يەر يۈزىگە چىقىپ، ئاتنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ، بېشىنى ئاتنىڭ بېشىغا سۈركەپ، كۆز ياشلىرىنى يىپى ئۈ-

زۇلگەن مارجاندەك تۆكۈپتۇ. بىر چاغدا ئات قاتتىق كىشنەپ، ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپتۇ. شاھزادە ئاتنىڭ ئۈستىگە لىككىدە چىقىپ، تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، مېڭىشنى ئاتنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپتۇ. ئىگىسىگە ۋاپادار، چېچەن ئات ھېچبىر ئاداشماي، چاپان قۇلاقنىڭ ئېتىنىڭ ئىزىنى بىرمۇبىر بېسىپ ئۇچقاندەك تېز چېپىپتۇ. شۇ چاپ-قانچە ئوتتۇز توققۇز كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر يۇرتقا يېتىپ كەپتۇ. شاھزادە قارىغۇدەك بولسا، كىشىلەر قاتار - قاتار سەپ بولۇپ بىر تەرەپكە كېتىۋاتقانىكەن. كېتىۋاتقانلار-نىڭ تەڭدىن تولىسى شاھلار، شاھزادىلەر، بەگلەر، قىسقىسى بىر - بىردىن كاتتا كىشىلەر ئىكەن. شاھزادە بۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ كېتىۋاتقانلىقىغا ئەجەبلىنىپ، نېمە ئىش بولغاز-لىقىنى بىلگۈسى كېلىپ، ئات چاپتۇرۇپ، كاتتا بىر شاھانە تون كىيگەن كىشىگە يېتىشىۋېلىپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ئەي ئاتا، سەپىرىڭلار قايان؟ نە ۋەجىدىن كىشىلەر بىر تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى شاھزادىگە باشتىن - ئاياغ بىر قاراپ چىقىپ:

— ئەي ئوغلۇم، سېنىڭ خەۋىرىڭ يوق ئوخشايدۇ. بىز جوھۇت پادىشاھىنىڭ تويىغا كېتىپ بارىمىز، — دەپ ئەھۋال-نى ئېيتىپتۇ. شاھزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆز مەشۇقىنى قۇ-تۇلدۇرۇشقا ۋاقىت بارلىقىنى بىلىپ ناھايىتى خۇش بوپتۇ، لېكىن خۇشاللىقىنى سەزدۈرمەي:

— توي سورۇنىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن يەنە قانچە كۈن كېتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى:

— مەن ماڭغىلى ئوتتۇز توققۇز كۈن بولدى، ئەتە يېتىپ بارىمىز، ئۆگۈنلۈككە توي باشلىنىدۇ، — دەپتۇ. شاھزادە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىچى تىت - تىت بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ

بىلەن ئۇ ئاتقا قامچا سېلىپ ئالغا قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.
ئاخىر كەچ كىرگەندە چاپان قۇلاقنىڭ ئوردىسى ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ ـ دە، تويغا كەلگەن مېھمانلار قاتارىدا ئوردىغا كىرىۋاپتۇ. ئۇ بىر كېچىنى تەقەززالىق بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ...
ئەتىسى چاپان قۇلاق پادىشاھ داقا ـ دۇمباق، ناغرا ـ سۇناي ساداسى ئىچىدە توي مۇراسىمى باشلانغانلىقىنى جاكارلاپ، تويغا كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا تۈرلۈك ـ تۈمەن نازۇنېمەت، يەل ـ يېمىش تولغان كاتتا داستىخان سېلىپ كۈتۈۋاپتۇ. مېھمانلار نازۇنېمەت، يەل ـ يېمىشلەردىن قانغۇچە بەھرىمەن بولۇپ، ئېسىل پۇراقلىق شارابلارنى قانغۇچە ئىچىپ كەيپى تازا قىزىغاندا، چاپان قۇلاق يېڭى كېلىنىنىڭ سالامغا چىقىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. شاھزادە چاپان قۇلاقنىڭ جاكارىنى ئاڭلاپ، ئەمدى پۇرسەتنىڭ كەلگەنلىكىنى پەملەپ ئولتۇرغانىكەن، ئېسىل دۇردۇندىن يەرگىچە سۆرىلىپ تۇرغان كۆڭلەك كىيگەن، يۈزىگە يىپەك رومال تارتقان قىز ھەسرەت بىلەن يىغلاپ، تويىنى ھازىغا ئايلاندۇرۇپ سورۇنغا كىرىپتۇ. چاپان قۇلاق قىزنىڭ چىرايلىقلىقى بىلەن باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماختىنىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، سەت ئىرغاڭلىغىنىچە قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، قىزنىڭ يۈزىدىكى يىپەك رومالنى قايرىپ ئاچماقچى بولغاندا، شاھزادە ئورنىدا ئولتۇرالماي، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ:
— قولۇڭنى تارت، نجىس ! — دەپ ۋارقىراپ، كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ چاپان قۇلاققا ئېتىلىپتۇ. چاپان قۇلاق كۈتۈلمىگەندە چىققان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەينىگە قاراپ، ئۆزىگە ئېتىلىپ كېلىۋاتقان شاھزادىنى كۆرۈپ ساراسىمىگە چۈشۈپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي غال ـ غال تىترەپ تۇرۇپتۇ. شاھزادە مەلىكىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، چاپان قۇلاقنى ۋەدى-

سىگە ۋاپا قىلمىغان گۇناھىغا توۋا قىلدۇرۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئولتۇرغانلار چاپان قۇلاقنىڭ رەزىللىكىدىن يىرگىنىپ، ئۇنى قېچىرنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ، چاترىقىغا يانتاق قىستۇرۇپ سايغا ھەيدىۋېتىپتۇ. قېچىر ئۇنى سۆرەپ، تاشتىن تاشقا ئۇرۇپ، تېنىنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىپتۇ.

چاپان قۇلاقنىڭ تويىغا كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە شاھزادىنىڭ شاھ ئاتىسىمۇ بار ئىكەن. ئۇ ئوغلىنىڭ كۈتۈلمىگەن پۇرسەتتە مەيدانغا چىققانلىقىدىن ھەيران بولۇپ، كۆزىگە بىر ئىشەنسە، بىر ئىشەنمەي، ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ ئوغلىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپتۇ. شاھزادە بىركىمنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئۆز ئاتىسىنى كۆرۈپتۇ - دە، خۇشاللىقىدىن:

— شاھ ئاتا ! — دەپ، قۇچىقىنى ئېچىپ ئاتىسىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. شاھمۇ ئوغلىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئاتا - بالا ئىككىسى ئامان - ئېسەن كۆرۈشكەنلىكىگە چەكسىز خۇش بوپتۇ. ئەتراپىدىكىلەرمۇ ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ ئامان - ئېسەن كۆرۈشكەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلىشىپتۇ. پادىشاھ ئوغلى بىلەن ئامان - ئېسەن كۆرۈشكەنلىكىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن كاتتا توي قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، پۈتۈن مېھمانلارنى ئۆز پادىشاھلىقىغا باشلاپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، كەلگەن مېھمانلار رازى بولغۇدەك كاتتا توي قىلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ئۆز مەقسەت - مۇرادىغا يېتىپ، ئاشىق بولغان يارىنىڭ ۋەسلىگە يېتىپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەلنى خاتىرجەم، پۇقرانى ئاسايىشلىق يولغا باشلاپ يۇرت سوراپ ئۆتۈپتۇ...

# شەيتاننى ئالدىغان تاز

قەدىمكى زاماندا، خوتەن دىيارىدىكى خانلار خەلققە ئالۋان - ياساق دەپ ئىت چىشىنىدەك چاپلاشقان چاغدا، بىر باينىڭ بىر تاز خىزمەتكارى بولغانىكەن. تاز كېچە - كۈندۈز ئىشلە- سىمۇ باي ئۇنىڭغا بىر تىيىنمۇ ھەق بەرمەيدىكەن. تازنىڭ كىيىملىرى يىرتىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ كېتىپتۇ. ھېيت كۈنى، باينىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا ئېرىنىڭ ئەسكى كۆڭلىكىنى كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ، ئاندىن بىر چېلەك ئۇماچ بېرىپ:

— بۇنى يەر ئاغدۇرۇۋاتقان مەدىكارلارغا ئاپىرىپ بەر- گىن، — دەپتۇ. تاز مەدىكارلارغا ئۇماچنى ئەكېلىپ بېرىپتۇ.

مەدىكارلار ئۇماچنى ئىچىپ بوپتۇ. تاز چېلەكنى پاكىز يۇيۇپ، ئۇنى داپ قىلىپ چېلىپ ئۆيگە يېنىپتۇ. شۇ ئەسنادا قاتتىق يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. كىيىمىڭنى نېمىشقا ھۆل قىلىۋەتتىڭ، دەپ باي مېنى ئۇرمىسۇن دېگەننى ئويلاپ، تاز كۆڭلەك - ئىشتىنىنى سېلىپ چېلەككە ساپتۇ، چېلەكنى بولسا بېشىغا كىيىۋاپتۇ، يامغۇر توختىغاندا تاز كىيىملىرىنى يەنە كىيىپتۇ. مەھەللىگە يېقىنلاشقاندا، سەللىسىمۇ، يەكتە- كىمۇ، كۆڭلىكىمۇ چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— ھەي تاز، بۇياققا كەل! — دەپ قىچقىرىپتۇ ئۇ. تاز

ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇ، — سەن نېمىشقا يامغۇردا ھۆل بولمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ ئوقۇيدىغان ئەپسۇنۇم بار.

— ماڭىمۇ ئۆگەت.

— كىمسەن؟

— شەيتانمەن.

— ھەي شەيتان، ئاۋۋال سەن ئەپسۇنلىرىڭنى ماڭا ئۆگەت، ئاندىن مەن ساڭا ئەپسۇنۇمنى ئۆگىتىپ قوياي.

شەيتان ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ ئەپسۇنلىرىنى ئۆگىتىپتۇ.

— ئەمدى سەن ئۆگەت، — دەپتۇ شەيتان.

— دائىم چېلەك كۆتۈرۈپ يۈر، — دەپتۇ تاز، — يامغۇر ياغقاندا كىيىملىرىڭنى سېلىپ چېلەك ئىچىگە تىق، كېيىن چېلەكنى بېشىڭغا كىيىۋال. مانا بۇ مېنىڭ ئەپسۇنۇم.

شەيتاننىڭ ئاچچىقى كېلىپ، تىللاپ ـ تىللاپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

تاز چېلەكنى باينىڭ ھويلىسىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ، كېيىن ئانىسىنى يوقلىغىلى كېتىپتۇ.

— ئۆيدە يېگىلى ھېچ نەرسە يوق، — دەپتۇ تازنىڭ ئانىسى.

— سىزگە بىر تاۋاق پولۇ بەرسەم يەمسىز؟ — دەپتۇ تاز مەغرۇر ھالدا.

— نەدىن تاپىسەن؟ — دەپتۇ ئانىسى.

شۇ ۋاقىتتا تاز شەيتاندىن ئۆگەنگەن ئەپسۇننى ئوقۇپتۇ، بىردىنلا داستىخاندا بىر تاۋاق پولۇ تەييار بوپتۇ. موماي بىلەن تاز پولۇنى يەپ تويۇپتۇ.

كېيىن تاز يەنە بىر ئەپسۇن ئوقۇغانىكەن، پۈتۈن يۇرت ئوتسىز قاپتۇ. ئادەملەر ھەرقانچە ئامال قىلىپمۇ ئوت چىقىرالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممە كىشى بىرلىشىپ پادىشاھ-

نىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ تەرەپ - تەرەپكە ئادەم چىقىرىپ: «كىمدەكىم ئوت ياقالىسا، بېشىدىن ئالتۇن چاچىمەن» دەپ جاكارلاپتۇ. تاز جاكارچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇدۇل ئوردىغا بېرىپتۇ. ئوردا ئالدىدا ناھايىتى كۆپ ئادەم تۇرغانىكەن، ھەممە كىشى:

— بۇنداق پادىشاھ كېرەك ئەمەس، يوقالسۇن ! — دەپ ۋاڭ - چۇڭ قىلىشىۋاتقانىكەن.

— نېمە جاڭجال؟ — دەپ سوراپتۇ تاز.

— ھەممە پادىشاھتىن ئوت تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

— ئۇ قانداق ئوت تاپالىسۇن؟ ! بېرىپ ئېيتىڭلار، مەن تاپىمەن.

ھەممە كىشى كۈلۈشۈپ، تازنى مازاق قىلىشقا باشلاپتۇ. غالچىلار پادىشاھقا: «بىر تاز ئوت تاپماقچىكەن» دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ.

— ئۇنى دەرھال ھۇزۇرۇمغا كەلتۈرۈڭلار ! — دەپتۇ شاھ. تاز كېلىپ تەزىم قىپتۇ.

— ھەي تاز، سەن ئوت تاپالىساڭ بېشىڭدىن ئالتۇن قۇيىمەن، تاپالمىساڭ بېشىڭنى ئالىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئى پادىشاھ، بۇ باش ئۆزۈمگىمۇ لازىم. ھەممە كىشى ئۆز ئۆيىگە كەتسۇن. ئوت ھازىرلا پەيدا بولىدۇ، — دەپتۇ تاز. پادىشاھ خەلققە: «ئۆيلىرىڭلارغا كېتىڭلار» دەپ ئەمر قىپتۇ.

تاز پادىشاھنى باشلاپ باغقا ئېلىپ چىقىپتۇ. باغدا بىر ئالا ئىت ئۆلۈك ياتقانمىش.

— ئوت ئاشۇ ئىتنىڭ ئىچىدە، — دەپتۇ تاز، — ئىتنىڭ مەقئىتىدىن كۆچەپ پۈۋلەڭ، ئاغزىدىن ئوت چىقىدۇ.

— بۇ سۆزنى قايسى ئاغزىڭ بىلەن دەۋاتىسەن؟ ئەگەر

ئوت چىقسا، تىلىگىنىڭنى بېرىمەن. سەن پۈۋلىگىن، — دەپ-تۇ پادىشاھ.

— مەن مىلىڭ قېتىم پۈۋلىسەممۇ ئوت چىقمايدۇ، پادىشاھ پۈۋلىسىلا چىقىدۇ، — دەپتۇ تاز.

« پۈۋلىسەم پۈۋلەي، — دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ، — بول-مىسا خەلق مېنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ».

شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ ئىتىنىڭ مەقئىتىدىن بىر پۈۋ-لىگەنىكەن، ئۆلگەن ئىتنىڭ ئاغزىدىن چاقماقتەك ئوت چى-قىپتۇ، كېيىن يەنە يوقىلىپتۇ.

— بولدى، تەقسىر، ئەمدى ھەممە ئۆيدە ئوت يانىدۇ، — دەپتۇ تاز كۈلۈپ.

پادىشاھ تازنى سارايغا چاقىرىپ كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ، زىياپەتتىن كېيىن ئات باقارلارغا ئىككى ئاتنى ئېگەرلەپ، ئىككى لاچىن ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

— ھەي تاز، ئوۋغا بارىمىز، — دەپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھ ئۆلگەن ئىت توغرىسىدىكى ئىشنى بىركىمگە دەپ قويمىسۇن، دەپ ئويلاپ، تازنى چۆلدە قىيناپ ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. ئۇلارغا بىر قىرغاۋۇل ئۇچراپتۇ. پادىشاھ لاچىنىنى سالغانىكەن، لاچىن باشقا تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىپتۇ، تاز لاچى-نىنى سالغانىكەن، قىرغاۋۇلنى قاماللىغان پېتى تازغا ئەكې-لىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ لاچىنىنى قانچىلىك چاقىرسىمۇ كەل-تۈرەلمەپتۇ. پادىشاھ ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ:

— ئۇھ، ھېرىپ كەتتىم، ھەي تاز، لاچىنىڭنى بەرگىن، سەن مېنىڭكىنى چاقىرىۋال، — دەپتۇ.

تاز بىر ئەپسۇن ئوقۇغانىكەن، دەرەختە ئولتۇرغان لاچىن ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىغا قونۇپتۇ.

پادىشاھ شۇ چاغدا تازنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، قىلىچى-

نىڭ دەستىسىنى تۇتۇپتۇ، تاز پادشاھنىڭ نىيىتىنى بىلىپ قېلىپ:

— ئى جانابىي پادشاھ، — دەپ ئۆز ئېتىنى توختىتىپ-تۇ، — بۇ يەردە مېنىڭ ئانام تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان ئىككى ئېغىز سۆزۈم بار ئىدى.

ئۇلار بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. تاز ئەپسۇن ئوقۇپ «ئانىسى»نى چاقىرىپتۇ. ئىشىكتىن شۇنداق چىرايلىق بىر ساھىبجامال چىقىپتۇكى، پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ ئاتتىن يىقىلغىلى تاس قاپتۇ. ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ دىمى تىقىلىپ:

— كىم بۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ ئانام.

— ئاناڭنى ماڭا خوتۇنلۇققا بەر، تىلىگىنىڭنى بېرەي، — دەپتۇ پادشاھ.

— ئۇنداق بولسا: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن تاز مېنىڭ تەخت ۋارىسىم» دەپ ۋەسىيەتنامە يېزىڭ، ئاندىن ئانامنى بې-رەي، — دەپتۇ تاز.

پادشاھ ئوردىغا كېلىپ ۋەسىيەتنامە يېزىپ تازنىڭ قو-لىغا تۇتقۇزۇپتۇ. پادشاھ نەچچە كۈن توي - تاماشا قىلىپ تازنىڭ «ئانىسى»نى ئاپتۇ. كەچ كىرگەندە پادشاھ خۇشال - خۇرام ھەرەمخانىغا كىرىپ قارىسا، دەرمانسىز بىر موماي ئولتۇرغۇدەك. پادشاھ دەرھال تازنى چاقىرىپ:

— ھەي پاخشەك تاز، مېنى نېمە ئىشلارغا دۇچار قىلىپ يۈرىسەن؟ سېنى ئەمدى ئۆلتۈرىمەن! — دەپتۇ.

تاز بىر ئەپسۇن ئوقۇپ پادشاھنى ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تاز دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇپ قاپتۇ.

# مېھرى نقاب

قەدىمكى زاماندا، بىرگە نامەلۇم بىر ماكاندا بىر دۆلەت بار ئىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى ناھايىتى ئاق كۆڭۈل كىشى بولۇپ، بۇ پادىشاھ سەلتەنەت، تاجۇ دۆلەتتە يېگانە ئىكەن. تالاي - تالاي ئەللەر ئۇنىڭغا پەرمانبەردار ئىكەن، ئۇنىڭ قولى يەتتە ئىقلىمغا يېتىدىكەن. پادىشاھنىڭ گۈلقەھقەھ ئىسىملىك بىر ۋەزىرى بولۇپ، ئۇ كىشى شۇنداق خاسىيەتلىك ئىكەنكى، ئۇ بىر كۈلسە ئەتراپ پايانسىز گۈل - گۈلىستانلىققا ئايلىنىپ، رەڭمۇرەڭ گۈللەرنىڭ شاخلىرىدا بۇلبۇللار، تۇتى قۇشلار سايراپ كېتىدىكەن، ئۇ مەيلى قەيەردە بولسۇن شۇنداق ھالەت پەيدا بولىدىكەن. پادىشاھ بۇ ۋەزىرىنىڭ كارامىتىدىن چەكسىز ئىپتىخار ھېس قىلىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ ئالتۇن تەختىدە ئولتۇرۇپ مۇنداق خىيالغا پېتىپتۇ: مەن دۇنيادا شەۋكەتلىك بىر شاھمەن، يەتتە ئىقلىم مېنىڭ سەلتەنىتىمدىن ئەيمىنىدۇ، قولۇمنى قاياققا ئۇزاتسام يېتىدۇ، جاھان شاھلىرى ئىچىدە شان - شۆھرىتىم چەكسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەزىرىم گۈلقەھقەھ شۇنداق كارامەت ئىگىسىكى، ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن باياۋان بۇلبۇللارغا تولغان گۈلىستانلىققا ئايلىنىدۇ. دۇنيادا مېنىڭ ۋەزىرىمدەك يەنە بىر كارامەت ئەھلى يوقتۇر. شۇنداق ئىكەن،

مەن نېمىشقا جاھاندىكى بارلىق شاھلارنى يىغىپ ۋەزىرىمنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ شان - شەرد-پىمنى يەنە بىر ھەسسە كۆتۈرمەيمەن؟

پادىشاھ شۇنداق ئويلاپ، ئاخىر پۈتكۈل شاھلارنى يىغىپ گۈلقەھقەھنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىش قارارىغا كەپتۇ ۋە دەرھال گۈلقەھقەھ ۋەزىرنى يېنىغا چاقىرىپ:

— ئى سادىق، پاراسەتلىك ۋەزىرىم، سەن مېنىڭ ئالتۇن قانىتىم ھەم سەلتەنىتىمنىڭ ۋاپادار ھامىيسى. سەن تەڭداش-سىز پاراسەتكە ھەم ئالەمدە يېگانە كارامەتكە ئىگە زاتسەن. مەن ھەرقاچان ۋە ھەر زامان سەن بىلەن پەخىرلىنىمەن. ئىككىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىزدا ئەھلى يۇرت بوگۇنكىدەك قوۋناق ھايات، خاتىرجەم تۇرمۇشقا مۇشەررەپ بولۇپلا قالماي، بەلكى سەلتەنىتىمىز جاھاندا يەكتادۇر، يەتتە ئىقلىم شەۋكەت-لىك دۆلىتىمىز ئالدىدا پەرمانبەرداردۇر. مەن مۇشۇ خۇسۇستا ناھايىتى شەۋكەتلىك شاھمەن، سەنمۇ ھەم شۇنداق بولۇشۇڭ كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سېنىڭ كارامىتىڭ شەۋكەتلىك سەلتەنىتىمىزنىڭ گۆھەر كۆزىدۇر. شۇڭا، ئويلاپ - ئويلاپ مۇنداق قارارغا كېلىپ قالدىم: بىز ئەتراپتىكى ئەللەرگە مەكتۇپ يوللاپ، شاھ - سۇلتانلارنى جەم قىلىپ كارامىتىڭنى ئۇلارغا كۆرسىتەيلى، ئۇلار ھەيران ۋە ئەقلى لال بولسۇن، شۇ ئارقىلىق جاھان بىزنى يەنە بىر تونۇسۇن. قانداق، ۋەزىرىم، بۇ ئويلىغانلىرىم ساڭا ماقۇل كېلەرمۇ؟ — دەپتۇ.

ۋەزىر ناھايىتى ئىتائەتمەنلىك بىلەن پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— جانابلىرى ھەقىقەتەن ئوبدان ئويلاپلا. پېقىر قۇللىرى ئۆزلىرى تەرىپلىگەندەك يۈكسەك ئادەم بولمىساممۇ، جانابلى-رىنىڭ سەلتەنەتلىك تەختىگە يەنىمۇ سەلتەنەت قوشۇش ئۈچۈن

ھەرلەھزە تەييارمەن.

پادىشاھ ئۆز ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ماقۇللۇق بىلدۈرگەن ۋەزىرگە رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ:

— بارىكاللا ! ئۇنداق بولسا بۈگۈنلا ئەلچىلەرنى يولغا سېلىپ، ئەتە تەييارلىق كۆرۈپ، ئۆگۈنلۈككە پۈتۈن جاھان شاھ - سۇلتانلىرىغا كارامەت كۆرسىتىپ شەۋكىتىمىزگە شەۋكەت قوشايلى ! — دەپتۇ.

ۋەزىر قانداقتۇر بىرنېمىنى ئويلىغاندەك بىرپەس جىممىدە تۇرۇپ قاپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ بىرنەرسە ئۇستىدە ئۆزىدىن ئىجازەت سورىماقچى بولۇپ سورىيالماۋاتقانلىقىنى پەملەپتۇ ۋە ۋەزىردىن سوراپتۇ:

— ۋەزىرىم، كۆڭلۈڭدە بىر گەپ بارغۇ دەيمەن؟ ئايانماي ئېيت.

— شاھىم، — دەپتۇ ۋەزىر ئىنتائەتمەن بىر قىياپەتتە، — ئۆزلىرىگە مەلۇمكى، ئايالىم مەن بىلەن بىللە ئەمەس. مەن ھەر ئايدا بىر قېتىم ئۇنى يوقلاپ باراتتىم، ئۇنىڭ دىل تەشنالىقىغا مېھىر - مۇھەببەت كەۋسىرىنى قۇيۇپ، ئۈچ كۈن ھەمراھ بولۇپ قايتاتتىم. بۈگۈن دەل ئۇنىڭ سەۋر پەيمانى تولغان كۈندۇر. ئەتە مەن ئۇنىڭ قېشىغا بارىدىغان كۈنۈم ئىدى. ناۋادا ئەتە مەن ئۇنىڭ قېشىغا بارالماي قالسام، ۋاپادار مەھبۇبەم ھىجران ئوتىدا كۈل بولغۇسىدۇر. شۇڭا، ئۆزلىرىدىن دەرھال رۇخسەت سورىيالماي تۇرۇپ قىلىشىم. جانابلىرىنىڭ ئىجازىتى بولسا، كارامەت كۆرسىتىشنى بىرنەچچە كۈن كېچىكتۈرسەك، مەن دىلدارىمنىڭ قېشىغا بېرىپ كېلىۋالسام قانداق بولاركىن، ئۇلۇغ شاھىم؟

پادىشاھ سەل ئويلىنىپ قاپتۇ - دە:

— بولمامدىغان، ئۇنداق بولسا كارامەتنى سەن كەلگەندىن

كىيىن كۆرسىتەيلى، — دەپتۇ.
ۋەزىر گۈلقەھقەھ پادىشاھنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قىممەتلىك سوۋغا - سالاملىرىنى تەييارلاپ ئارغىماق ئاتقا مىنىپتۇ - دە، مەشۇقى تەرەپكە يول ئاپتۇ. بىر ئايدىن بىرى ئىشق - مۇھەببەت پىراقىدا يۈرىكى كاۋاپ بولۇپ كەتكەن ۋەزىر ئاتنى بوراندەك چاپتۇرۇپ، مەشۇقى تۇرۇشلۇق قەسىرگە يېتىپ كەپتۇ. ۋەزىر-نىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئايالى: «ئاھ باغرىم، ئاھ جانجىگە-رىم، ئاھ يۈرەك پارەم، كۆزۈمنىڭ نۇرى، ھاياتىمنىڭ شامى» دەپ ئۆزىنى ۋەزىرنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپتۇ. ئۇلار ھەشقىپىچەكتەك چىرمىشىپ، مۇھەببەت شارابىدا مەستۇ مۇستەغرەق بولۇپ بىر - بىرىگە قېنىشماي ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ ۋاقتى توشۇپتۇ. ئۇلار ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي كۆز يېشى قىلىشىپتۇ، بولۇپمۇ ۋەزىرنىڭ ئايالى: «ئاھ جېنىمنىڭ جانا-نىسى، يەنە قاچانمۇ كېلەرسىز؟» دەپ ۋەزىرنىڭ بوينىغا ئاق بېلىقتەك بىلەكلىرى بىلەن مەھكەم گىرە سېلىپ ئۇزاق يىغلاپتۇ. ۋەزىر ئايالىغا بىرمۇنچە تەسەللى بېرىپ، ئوردىغا قاراپ ئات چاپتۇرۇپتۇ. ئۇ خېلى ئۇزاق يەرگە بارغۇچە، ئايا-لىنىڭ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ بىرنېمىلەرنى دەپ يىغلاۋاتقان-لىقى ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. ۋەزىر ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ قويۇپ كېتىۋېرىپتۇ، ئاخىر مەشۇقىنىڭمۇ قارىسى غايىب بوپتۇ. ۋەزىر ئايالىنىڭ ئۆزىگە مۇشتاقلىقىدىن، ۋاپادارلىقىدىن سۆيۈنۈپ كۆزلىرىگە ياش ئاپتۇ. ۋەزىر شۇنداق كېتىپ بارسا، ئالدى تەرەپتىن بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. بۇ ئادەم-نىڭ كۆتۈرگەن پەريادى يەر - زېمىننى لەرزىگە ساپتۇ. ۋەزىر ئاتنى قامچىلاپ، ھېلىقى ئادەم بار تەرەپكە تېز يۈرۈپتۇ. قا-رىسا، جۇلدۇر - جۇلدۇر جەندىگە ئورالغان بۇ ئادەمنىڭ كۆز-لىرىدىن تۆكۈلگەن ياش قاسماق باغلاپ كەتكەن يۈزلىرىنى

بويلاپ تارامىلاپ ئېقىپتۇ. ۋەزىر، بۇ دەرۋىشكە نېمە بولغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ ئۇنى چاقىرىپتۇ:

— هوي دەرۋىش، نېچۇك بۇنچىۋالا ياش تۆكىسەن؟ نېمە دەردىڭ بار ئىدى؟ قاياقتىن كېلىپ، قاياققا كېتىپ بارىسەن؟

دەرۋىش سۇپەت بۇ ئادەم ۋەزىرنىڭ سۆزلىرىگىمۇ ئېرەن قىلماي، پەريادىنى پەلەككە كۆتۈرۈپ ئۆز يولىغا مېڭىۋېرىپتۇ. ۋەزىر يۇقىرىقى سوئالنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىغان بولسىمۇ، ئۇ جاۋاب بەرمەپتۇ. ئۇنىڭ پەريادىدىن بىر دىلدارنىڭ ئىشقىدا جىگىرى خۇن بولغانلىقى ئايان بوپتۇ. ۋەزىر رەھىمدىل، ساخاۋەتلىك ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ بىچارىنى قايسى مۇتتەھەم بوزەك قىلغاندۇ؟ ئۇنىڭ دەردىگە يېتىشىم زۆرۈر دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، سوئالنى يەنە تەكرارلاپتۇ، ئەمما دەرۋىش سۇپەت جىگىرى خۇن ئاشىق ۋەزىرنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋامۇ قىلماپتۇ. ۋەزىر ئارغىماقنىڭ بېشىنى بۇراپ دەل ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ ـ دە، قىلىچىنى قىنىدىن يېرىم سۇغۇرۇپ:



— توختا ! سەن زادى نېمە ئادەم، نېمىشقا پەرياد كۆتـۈ-رىسەن؟ نېمىشقا سوئالىمغا جاۋاب بەرمەيسەن؟ ئېيت ! ئەگەر ئېيتمىساڭ بۇ غەمكىن بېشىڭنى ئاچ - زارلىققا گىرىپتار بولغان تېنىڭدىن بىر يولىلا جۇدا قىلىپ، جېنىڭنى ئايۋانى باقىيغا سەپەر قىلدۇرىمەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ. ھېلىقى ئا-دەم چۆچۈپ يىغىسىدىن توختاپتۇيۇ، دىر - دىر تىترەپ ئاغ-زىغا گەپ كەلمەپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، بىرمۇنچە كۆڭلىنى ياساپتۇ. دەرۋىشنىڭ قېپىدىن چىقىپ كەتكەن ئىما-نى سەل جايىغا چۈشۈپ سۆزلەپتۇ:

— مەن بىر ناتىۋان بىچارە ئاشىق، مېنىڭ ساھىبجامال ئاشنام مۇشۇ سەلتەنەتلىك دۆلەت ۋەزىرىنىڭ ئايالى بولىدۇ. مەشۇقۇمنىڭ گۇلقەھقەھ دېگەن ئېرى ھەر ئايدا بىر قېتىم كېلىپ مېنى ئۈچ كۈن جۇدالىق ئوتىغا تاشلايدۇ. مانا بۈگۈن مەن ئاشنامدىن ئايرىلغىلى ئۈچ كۈن بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ ۋەزىر ئېرى كەلگەنىدى. بۇ ئۈچ كۈن بىزگە شۇنداق تەس ئۆ-تىدۇ. ھەر قېتىم ۋەزىر كېلىپ ئۈچ كۈن ئايرىلساق، ھەر ئىككىمىزگە بۇ ئۈچ كۈن ئۈچ مىڭ يىلدەك ئۇزۇن تۇيۇلىدۇ. بۇ ئۈچ كۈنلۈك ھىجراننىڭ ئازابى بىر ئايلىق ۋىسال دەملى-رىدىمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدۇ. مانا بۈگۈن دەل ۋەزىر ئوردىغا قايتىدىغان كۈن. مەن ناھايىتى ئالدىراش، تەقسىر، مەھبۇبەم-نىڭ يۈرەكلىرى چاك - چاك بولۇپ، كۆزلىرى تېشىلەي دېدى ھەرقاچان. شۇڭا، مېنىڭ يولۇمنى توسۇمىسىلا، ئۆتۈنۈپ قالاي، جېنىم تەقسىر.

ۋەزىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران بوپتۇ، بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي تۇرۇپلا قاپتۇ. ئىشىنەي دېسە، ۋاپادار ئايالىنىڭ ئۇنداق شەرمەندە ئىش قىلىدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەپتۇ. ئى-شەنمەي دېسە، بۇ ئاشىقى سەرگەرداننىڭ گەپلىرى راست.

شۇڭا، بىرپەس خىيالغا پېتىپتۇ.

— ھەي ئاغزى قۇرغۇر، باياتىن نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن زادى؟ — دەپتۇ ۋەزىر دەرۋىشكە تىكىلىپ.

— ئەلۋەتتە، دەۋاتقان سۆزلىرىم ئېسىمدە، تەقسىر.

— ئۇنداق بولسا راست گەپ قىل، — دەپتۇ ۋەزىر خەنجەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ، خەنجەر كۈنىنىڭ نۇرىدا ۋالىلداپ، دەرۋىش سۈپەت ئاشىقنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سالپتۇ. ۋەزىر خەنجەرنىڭ بىسىنى دەرۋىشنىڭ گېلىغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، — راست گەپ قىلساڭ ئامان قالىسەن، يالغان ئېيتساڭ ئەجەلىڭنى ئۆزۈڭدىن كۆر. ئېيتە، راست گۇلقەھقەھ ۋەزىرىنىڭ ئايالى سېنىڭ ئاشناڭمۇ؟ — دەپتۇ.

— خوش تەقسىر، ھەرگىز يالغان ئەمەس.

— ئۇنداقتا، نېمە ئىسپاتىڭ بار؟

— ئىسپاتىم تولۇق، — دەپتۇ دەرۋىش پۈتىدىكى چورۇقنى كۆرسىتىپ، — بۇ چورۇقتىن ئۇ ئىككىنى تىككەن، بىرىنى ماڭا، بىرىنى ئۆزىگە. ئۇ ۋەزىر كەلمىگەن كۈنلەردە ئاشۇ چورۇقنى كىيىۋالىدۇ.

— يەنچۇ؟

— يەنە، — دەپتۇ دەرۋىش مەيدىسىنى ئېچىپ، ۋەزىر ئۇنىڭ كىر باغلاپ كەتكەن قوللىرىدا قايرىلغان ياقىسىنىڭ ئىچىگە قارىغانىكەن، بويىندا بىر تېرە تاسما تۇرغۇدەك، — بۇ سېغىنىش تاسمىسى، ئاشىقلىقىمىزنىڭ بەلگىسى. بۇ تاسما ئۇ ساھىبجامالنىڭ بويىندىمۇ ھەم بار.

ۋەزىر ئۆتكۈر خەنجىرىنى دەرۋىشنىڭ بويىندىن ئېلىپ غىلىپىغا سالپتۇ ـ دە، ئاتنىڭ بېشىنى ئايالى تەرەپكە بۇراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپتۇ. قەسىرگە يېقىنلىشاي دېگەندە، بىر ئايالنىڭ چىدىغۇسىز ئاھلىرى تولغان ناخشا ياڭراپتۇ. ۋەزىر قە-

سىر دەرۋازىسىدىن ئاتلىق ئۆتۈپ، ئايالىنىڭ ھۇجرىسىغا ئۇچقاندەك كىرىپتۇ. ۋەزىر قارىغۇدەك بولسا، ئايالى زارلاپ يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. ۋەزىرنى كۆرگەن ئايالى ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— قايتىپ كەپسىزغۇ، قەدىرلىكىم، بىرنەرسىڭىز ئۇنتۇلۇپ قاپتىمۇ؟

— نېمىگە ئۇنچە يىغلاپ كەتتىڭ، ئاپئىقىم؟ — دەپتۇ ۋەزىر كىنايە ئارىلاش.

— نېمىشقا يىغلايدىغانلىقىمنى تېخى بىلمىدىڭىزمۇ، پاناھىم؟ — دەپتۇ ئايال ئۆزىنى كۆلكىگە زورلاپ.

ۋەزىر ئايالىنىڭ پۇتىغا قارىغانىكەن، راست دېگەندەك ھېلىقى دەرۋىشنىڭ پۇتىدىكى چورۇققا ئوخشايدىغان بىر چورۇق تۇرغۇدەك. ۋەزىر غەزىپىنى باسالماي ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن بىرلا تارتقانىكەن، ئايالىنىڭ كۆڭلىكى يىرتىلىپ ھېلىقىدەك تېرە تاسما كۆرۈنۈپتۇ. ۋەزىرنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، يەر - جاھان پىرقىراپ كەتكەندەك بوپتۇ. غەزەپلەنگەن ۋەزىر شۇئان خەنجىرىنى سۇغۇرۇۋاپتۇ - دە، ئايالىنىڭ بويىنىغا «شارتتىدە» بىر ئۇرۇپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. ئايالىنىڭ تولۇن ئايدەك يۈزى قانغا بويىلىپ، بېشى تەپكەن توپتەك يۇمىلىنىپ يەرگە چۈشۈپتۇ، پۇت - قوللىرى ئېگىز - پەس تولغىنىپتۇ. ۋەزىر خەنجىرىنى ئايالىنىڭ كىيىمىگە سۈركەپ تازىلاپ قىنىغا ساپتۇ. ۋەزىر بۇ قىلغان ئىشىغا بىر ئېچىنىپ، بىر ئېچىنمەي ئاتقا مىنىپ دەرۋىش تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. قارىسا، ئۇ دەرۋىش بايامقىدىنمۇ بەكرەك پەرياد كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقۇدەك. ۋەزىر ئۇنىڭ قېشىدىن ئۇچقاندەك ياندىپ ئۆتكەچ قىلىچىنى بىر شىلتىغانىكەن، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا دەرۋىشنىڭ بېشى تې-

ىندىن جۇدا بولۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ.

ۋەزىر ئوردىغا كەلسە، پادىشاھ ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تاقەتسىز بولۇپ تۇرغانىكەن. پادىشاھ گۇلقەھقەھ ۋەزىر كەلگۈچە بارلىق تەييارلىقلارنى پۇتكۇزۇپ تەخ قىپتۇ. جاھان شاھلىرىمۇ بىر ئاجايىپ كارامەتنى كۆرۈشكە تەقەززا بولغان ھالدا جەم بولۇشقانىكەن. پادىشاھ گۇلقەھقەھنى ئەگەشتۈرۈپ سورۇنغا كىرىپتۇ. يۇزلىگەن شاھلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىگە ئىھتىرام بىلدۈرۈپتۇ. پادىشاھ ئالتۇن تەختىدىن ئورۇن ئاپتۇ، ۋەزىر ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھەشەمەتلىك زال ئاجايىپ سۇر ۋە ھەيۋەتكە تولغان بولۇپ، پۇتكۇل شاھلار پادىشاھقا ئۇنسىز تىكىلىپ تۇرۇشۇپتۇ. پادىشاھ شاھ - سۇلتانلارغا تەكشى قاراپ، مەردانە خىتاب قىپتۇ:

— ئى شەۋكەتلىك شاھ - سۇلتانلار، جاھاننىڭ پاسىبانلىرى، مىسكىنلەرنىڭ پۇشتىپاناھلىرى، بۇگۇن ھەربىرىڭلارنى ھۇزۇرىمىزغا ئاتايىتەن تەكلىپ قىلىشتىكى مەقسەت شۇكى، ۋەزىرىم گۇلقەھقەھ ئاجايىپ بىر ھېكمەتلىك ئادەمدۇر. تەڭرىم ئۇنىڭغا شۇنداق كارامەت ئاتا قىلغانكى، ئۇ بىرلا كۇلسە ئەتراپ گۇل - گۇلىستانلىققا ئايلىنىپ، خۇشناۋا بۇلبۇللار سايراپ، پانىي دۇنيادا جەننەت بەرپا بولىدۇ. ۋەزىرىمنىڭ بۇ خىل كارامىتىنى ھەربىرىڭلارنىڭ تاماشا قىلىشى ئۈچۈن بۇ يەرگە جەم بولدۇق.

پادىشاھ ئەتراپقا مەغرۇر نەزەر تاشلاپ، بىر دەقىقە جىم بوپتۇ. پادىشاھلار بىر - بىرىگە ھەيرانلىق نەزەرىدە قارىشىپ سۇكۇتكە چۆكۈپتۇ.

— قېنى، دانىشمەن ۋەزىرىم گۇلقەھقەھ ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسەتسۇن! — دەپتۇ پادىشاھ.

ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ قانچە كۈلەي دېگەن بولسىمۇ، كۈلەلمەپتۇ، ھەجىيىپ بېقىپتۇ، ئاغزىنى كۈلكىگە زورلاپ بېقىپتۇ، ئەتەي ھى ـ ھى ـ ھى، دەپ شۇنچە كۈچەپ باققان بولسىمۇ، زادىلا كۈلەلمەپتۇ.

پادىشاھلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ مەسخىرىلىك ھىجىيىشىپتۇ، خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ۋەزىر گۈلقەھقەھ ھېچ كۈلىدىغاندەك ئەمەس. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ:

— ھوي ۋەزىرىم، نېمە بولدۇڭ؟ كۈل دەيمەن، — دەپ يېلىنىپتۇ.

ۋەزىر بىرقانچە مەرتەم ئۆزىنى زورلاپ ھەجىيىپ بېقىپتۇ، زادىلا قاملاشتۇرالماپتۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى تەر بېسىپ چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ تىت ـ تىت بولغان ھالدا ۋەزىرنى كۈلۈشكە بۇيرۇق قىپتۇ، ئەما ۋەزىر پەقەتلا كۈلمەپتۇ. خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ۋەزىردىن ھېچقانداق كارامەت چىقماپتۇ. ئۇلار شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا تۇرغاندا، شاھ ـ سۇلتانلار ئىچىدىكى مەسخىرىنى سىغدۇرالماي قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئابرۇي تاپىمەن، دەپ مات بوپتۇ. غەزەپلەنگەن پادىشاھ:

— جاللات ! — دەپ بىرلا ۋارقىرىغانىكەن، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان جاللاتلار:

— لەببەي، شاھىم ! — دەپ ھازىر بوپتۇ. پادىشاھ:

— بۇ تۇزكور، ئۆز شاھىنىڭ شەۋكىتىنى يەرگە ئۇرغان بەتبەختنى ئات ئېغىلىغا ئاپىرىپ ئوقۇرغا جاي سېلىپ بېرىڭلار، — دەپ پەرمان قىپتۇ.

بىرقانچە جاللات ۋەزىرنى يالاپ ئوردىنىڭ ئات ئېغىلىغا سولاپ قويۇپتۇ. ھايال ئۆتمەي كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. ۋەزىر بىر ئوقۇرغا بىر باغ بېدە تاشلاپ ئۈستىدە يېتىپ-

تۇ. ۋەزىرنىڭ زادى ئۈيقۇسى كەلمەپتۇ، بېشىغا كەلگەن بۇ كېلىشمەسلىكنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ. ئېغىر ئەلياتقۇ مەھەل بولغاندا بىركىم ئات ئېغىلىنىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئىپ-چىپ كىرىپ، يان تەرەپتىكى ئات باقارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئات باقارنىڭ ئىشىكىدىن كىرىشىگە، ئۆينىڭ ئىچىدىن ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— ھۇ پاسكىنا، ۋاقىت نەۋاخ بولدى؟ مۇشۇ چاغقىچە ساقلىتامسەن ئادەمنى؟ !

ۋەزىر بۇ ئاۋازنىڭ ئات باقارنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى دەرھال پەملەپتۇ. ئۇ، بۇ ئات باقار كىمگە مۇنچە كايىيدىكەنە؟ بويتاق ئادەم ئىدى، بىرەر ئاشنىسى بارمىكىن يا؟ دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئوقۇردا جىممىدە يېتىپتۇ. ئارقىدىنلا بىر نازىنىن ئايالنىڭ يېلىنغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

— خاپا بولمىسىلا، غوجام، مۇشۇ چاغقىچە چىداش ماڭى-مۇ ئاسان دەملا؟

— ھۇ ئىپلاس، ئەمىسە نەلەردە يۈردۈڭ؟

— خاپا بولمىسىلا، غوجام، — دەپتۇ ئايال تىترەڭگۇ ئاۋازدا، — خاپا بولماي غىزالىنىۋالسىلا. پاقلان گۆشى باسقان پولۇ ئالغاچ كەلدىم. يەنە...

ئايالنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ئات باقارنىڭ يەنە ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

— ھۇ رەسۋا، كۆتۈر بۇ نەرسىلىرىڭنى !

ئارىدا جاراڭ - جۇرۇڭ ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ۋەزىر ئوقۇر-دىن ئاستا قوپۇپ ئات باقارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كەپتۇ. ئايال بىلەن ئات باقار بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ، ئاخىر ئات باقار ئايالنى سۈر - توقاي قىلىپ ئۇ-رۇشقا باشلاپتۇ. ئايال ھە دەپ ئات باقارغا يالۋۇرۇپ پۇتلىرى-

نى قۇچاقلاپتۇ، ئەمما ئات باقار پەيلىدىن يانىدىغاندەك ئەمەس. ئۇ ئاتخانىدىكى ئارىلارنى ئېلىپ ئايالىنىڭ بەدەنلىرىنى كۆكەرتىۋەتكۇدەك ئۇرۇپتۇ. ۋەزىر سەپسېلىپ قارىغانىكەن، بۇ ئايال باشقا بىركىم ئەمەس، دەل پادىشاھىئالەمنىڭ خانىشى ئىكەن. توۋا، بۇ نېمە كارامەتتۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ ۋەزىر ئىچىدە، مەنغۇ بىر ئاددىي ئادەم، ئايالىم ۋاپاسىزلىق قىلىپ يۇردىكىمنى قان قىلدى. شۇ ئەلەم قەلبىمنى بېسىۋېلىپ پۈتۈن شاھ ـ سۇلتانلارنىڭ ئالدىدا كۈلەلمەي مات بولۇپ ئات ئېغىلىغا بەند بولدۇم. مانا ئەمدى قارىمامدىغان بۇ خۇدانىڭ تەقدىرىگە، پادىشاھ ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ ئۇلۇغ خانىشىنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ بۇ زادى؟ ئادەتتە پادىشاھ بۇ خانىشىنى شۇنچىلىك ئىززەتلەر ئىدىكى، ھەتتا ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى قولۇم بىلەن تۇتسام ئاغرىيدۇ، دەپ قوللىرىغا ماموق يۆگەپ تۇتاتتى. بۇ ئىززىتىنى بىلمىگەن خوتۇن بۇ قارا زەڭگىنىڭ، بۇ تېزەك پۇراپ تۇرىدىغان ئات باقارنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ يالۋۇرۇپ يۈرگىنى نېمىسى؟ مېنىڭ ئايالىمغۇ ھەر ئايدا مەندىن يىگىرمە يەتتە كۈن ئايرىلىپ تۇراتتى، شۇڭلاشقىمۇ ئاشۇ پەسكەشلىككە قەدەم تاشلاپ سالغانمىدىكىن، ئەمما بۇ خانىشنىڭ نېمىسىگە نېمە يەتمىگەندۇ، ۋەزىر شۇنداق ئويلاپ ئىچىگە كۈلكە كىرىۋاپتۇ، ئۇ ئۆزىنى



باسالماي قاپتۇ، كۈلمەي دېسمۇ ئىچ ـ ئىچىدىن شەيتىنى قوزغاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلاپتۇ. ئۇ توختىماي كۈلۈپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھ ھەزرەتلىرى خاقانلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ ئولتۇرغانىكەن. پادىشاھ ۋەزىرىنىڭ ئۆزىنى ئوسال قىلغانلىقىدىن ھەم خاپا بولۇپ، ھەم مېھمانلاردىن ئەپۇ سوراپ پەردشان ئولتۇرغان شۇنداق بىر پەيتتە، ئات ئېغىلى تەرىپىدىن ياڭرىغان كۈلكە ساداسى ئوردا ئاسمىنىنى لەرزىگە ساپتۇ. پادىشاھ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ ـ دە، كۈلكە ئاۋازىغا قۇلاق ساپتۇ. بۇ دەل گۈلقەھقەھنىڭ ئاۋازىغۇ، دەپ ئويلاپتۇ. پادىشاھ بۇ ھالدىن ھەم ھەيران، ھەم غەزەپلەنگەن ھالدا ئات ئېغىلى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. بەزمىگە جەم بولغان شاھلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، گۈلقەھقەھ ۋەزىر توختىماي كۈلۈۋاتقۇدەك، ئات ئېغىلى گۈل ـ گۈلىستانلىققا ئۆزگىرىپ، بۇلبۇللار گۈل ـ غۇنچىلارغا قونۇپ خەندان ئۇرۇپ سايرىشىپ تۇرغۇدەك. گەرچە ئالەم قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئات ئېغىلى كۈندەك روشەن نۇرلىنىپ تۇرغۇدەك. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىرپەس داڭقېتىشىپ قاپتۇ. بۇ ئىشتىن تېخىمۇ غەزەپلەنگەن پادىشاھ جاللاتلارغا پەرمان بېرىپ، گۈلقەھقەھ ۋەزىرنى دارقىرىتىپ ئالدىغا ئەكەلدۈرۈپتۇ.

— بۇ زادى نېمە قىلىق؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ شاھ ۋەزىرگە قول شىلتىپ.

ئەمما، ۋەزىر يەنىلا كۈلكىسىنى توختاتماي كۈلىۋېرىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ تېلىقىپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ كۈلۈپ تاشلاپتۇ. قاراپ تۇرغان شاھلارمۇ مەقسەتسىزلا كۈلكىگە جور بوپتۇ. بىرپەستىن كېيىن ۋەزىر ئاران دېگەندە كۈلكىدىن توختاپ:

— ئەپۇ قىلغايلا، شاھىم، — دەپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆڭ-لىگە بىر گۇمان چۈشۈپ سوراپتۇ:

— ئەي ۋەزىرىم، بۇ زادى نېمە قىلغىنىڭ؟ ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ بۇ ئەزىز مېھمانلارنى جەم قىلغانىدۇققۇ، — پادىشاھ ئەتراپتىكى تېخىچە ئەقلى لال بولۇشۇپ تۇرغان شاھلارنى كۆرسىتىپتۇ، — ئۇلار سېنىڭ كارامىتىڭنى كۆ-رۈشكە تەقەززا ئىدى. بايا شۇنداق كاتتا سورۇندا كۇلمەي، ئەمدىلىكتە بىر ئات ئېغىلىدا ئۆزۈڭنى توختىتالماي كۈلگى-نىڭ نېمىسى؟ بۇ مېنى كۆزگە ئىلمىغىنىڭمۇ، قانداق؟

— ئۇلۇغ شاھىم، — دەپتۇ ۋەزىر پادىشاھقا قول باغلاپ تۇرۇپ، — بۇ سوئالنى سورىغانلىرى ناھايىتى ئوبدان بولدى. بايام كۈلمەسلىكىمنىڭ سەۋەبىنى دېسەم، ئايالىم بىر دەرۋىش بىلەن نامەھرەم ئىشقا قەدەم باسقىلى خېلى بولغانىكەن. مەن ئايالىمنى بەك ياخشى كۆرگەچكە، ئايالىمنىڭ ئۇنداق سەت ئىش قىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن. ئۇنىڭ ئۇ شەرمەندىچىلىكى ماڭا قاتتىق ئەلەم قىلغاچقا ئۇنىڭ بېشىنى ئالدىم، ئۇ ئۆلدى. گەرچە ئايالىم بۇزۇق ئايال بولسىمۇ، ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن. مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپلا ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدىم. كۆڭلۈم بى-ئارام بولغاچقا قانچە كۈلەي دەپمۇ كۈلەلمىدىم. ئاخىر غەزەپ-لىرىگە ئۇچراپ بۇ ئاتخانىغا سولاندىم. ئوقۇردا ياتسام، بىرى ئات باقارنىڭ خانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئات باقار ئۇنى: «نې-مىشقا ۋاقتىدا كەلمەيسەن؟» دەپ ئارا ـ تارتقۇلار بىلەن ئۇ-رۇپ ئاللا ـ تووۋىسىنى چىقاردى. بېرىپ قارىسام، ئۇ ئايال ئۆزلىرىنىڭ خانىشى ئىكەن. ھەيران بولدۇم. مەنغۇ بىر ئاد-دىي ئادەم. ئۆزلىرىدەك كاتتا سەلتەنەت ئىگىسىنىڭ ئايالى-نىڭمۇ مۇشۇ تېزەك پۇرايدىغان زەڭگى بىلەن بولغان ئىشىنى

كۆرۈپ ئۆزۈمنىڭ بىھۇدە ئازابلىنىپ يۈرگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم - دە، بۇ ۋاپاسىز دۇنياغا بولغان مەسخىرەم ئىچىمگە سىغماي قاتتىق كۈلۈپ تاشلىدىم.

پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ساقاللىرى تىترەپ كېتىپتۇ.

— يالغان سۆزلىمىگەنسەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ. ۋەزىر:

— يالغان سۆزلىگەن بولسام، جېنىم لەھەتكە يوللانسۇن.

پادىشاھ پالاقشىپ مېڭىپ خانىسىغا كىرسە، خانىش ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئولتۇرغۇدەك، پادىشاھ بارغانچە بېرىپ خانىشنىڭ كىيىملىرىنى تارتىپ سالدۇرغانىكەن، راست دېگەندەك، ئۇنىڭ بەدەنلىرى كۆك - زېدىلەرگە تولغانىكەن. پادىشاھ گەپمۇ سوراپ ئولتۇرماي خانىشنىڭ بېشىنى ئاپتۇ. ئەتىسى ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن شاھ - سۇلتانلار ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتىشىپتۇ. پادىشاھ ئۆز يۇرتىدا يۈزىنى كۆتۈرەلمىگۇدەك ھالەتكە يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ تاجۇتەختىنى تاشلاپ، بۇ ۋاپاسىز دۇنيانى تەرك ئېتىپ ياشاش قارارىغا كەپتۇ. ۋەزىر پادىشاھنىڭ قارارىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭمۇ ئاللىبۇرۇن شۇنداق ئويلىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇلار خەزىنىلىرىنى پۇقرالارغا ئۇلۇغ ئېچىۋېتىپ، يۇرتىدىن چىقىپتۇ.

ئەلقىسسە: پادىشاھ بىلەن ۋەزىر تاجۇ دۆلەت، سەلتەنەت، يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ، ۋاپاسىز دۇنيادىن قول ئۈزۈپ، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە يول ئاپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئۇزۇن يول يۈرۈپتۇ، چۆللەردە ئېزىپتۇ، دەريالاردا ئېقىپتۇ، پۇتلىرى تېشىلىپتۇ، ئەمما ئۇلار توختىماي مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ نەدە كېتىۋاتقانلىقىنى، نەگە بارماقچى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىكەن. تالاي تۈنلەر ئۆتۈپ، تالاي تاڭلار ئېتىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ بىلەن ۋەزىر بىر دۆڭگە

كېلىپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، دۆڭنىڭ توپىسى يۇمشاق، يېتىپ ئارام ئالغىلى ئەپلىك ئىكەن. ئۇلار دۆڭنىڭ ئۇستىگە چىقىپ يانپاشلاپ يېتىپتۇ. پادىشاھ يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتۇ، ۋەزىر خىيال سۈرۈپ ئۇخلىماپتۇ. ئۇ شۇنداق خىيال بىلەن ئولتۇرسا، قۇلىقىغا: «چۇھ، چۇھ،چۇھ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ۋەزىر بۇ يەردە ئادەم بارمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ، ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلغانىكەن، دۆڭنىڭ يان باغرىدا بىر دېھقان دۈمبىسىگە يوغان بىر ساندۇقنى تېڭىپ، يۈدۈپ يۈرۈپ قوش ھەيدەۋېتىپتۇ. ئېتىزنىڭ ئۇ بېشىغا بارغاندا ساندۇقنى قىرغا قويۇپ بىردەم ئارام ئېلىۋالىدىكەن، بۇ بېشىغا كەلگەندە يەنە بىردەم ئولتۇرۇۋالىدىكەن. ۋەزىر ھەقىقەتەن ھەيران بوپتۇ. ئۇ، بۇ ئادەمنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ؟ بۇ ساندۇقنى قىردا قويۇپ قويۇپ يەر ھەيدىسە بولمامدىكىنە، دەپ ئويلاپتۇ ئىچىدە. ۋەزىر بۇ ئىشتىن سەل گۇمانسىراپ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ كۆز ئۇزمەي قاراپ تۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن دېھقان ساندۇقنى قىردا قويۇپ ئۇنىڭغا يۆلەنگىنىچە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا ساندۇقنىڭ ئاغزى ئاستا ئېچىلىپ، ئىچىدىن ئون سەككىز ياشلاردىكى بىر ساھىبجامال قىز چىقىپتۇ. ۋەزىر، ئەمدى نېمە بولاركىن؟ دەپ تېخىمۇ يوشۇرۇنۇپ كۆزىتىپتۇ. ھېلىقى ساھىبجامال دېھقاننىڭ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن تۆش يانچۇقىدىن باشمالتەقتەك بىر قۇتىنى ئاپتۇ. ئۇ قۇتىنىڭ ئاغزىغا «توككىدە» بىر چەككەنىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدىن يىگىرمە ياشلاردىكى بىر يىگىت ھىجىيىپ چىقىپتۇ. ۋەزىر «تووۋا !» دەپتۇ ياقىسىنى چىشلەپ، قارىغۇدەك بولسا، ھېلىقى ساھىبجامال قىز بىلەن قۇتىنىڭ ئىچىدىن چىققان يىگىت بىر - بىرىگە چىرمىشىپ ئىشرەت تۈزۈپتۇ. ۋەزىر ئۇن - تىن چىقارماي كۆزىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاي

قايىنغۇدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دېھقان ئاستا ئەسنەپ ئويغىنىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھېلىقى يىگىت شاققىدە قۇتىنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ، ساھىبجامال قىزمۇ يۇزلىرىنى پەرەنجە بىلەن مەھكەم يۆگەپ، ساندۇقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپتۇ. دېھقان ئورنىدىن تۇرۇپ ساندۇقنىڭ ھەممە تەرىپىنى سىلاپ چىققاندىن كېيىن، يەنە ساندۇقنى يۈدۈپ ئاۋۋالقىدەك يەر ئاغدۇرۇشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھنى ئويغىتىپ:

— شاھىم، تۇرسىلا، تۇرسىلا، ئاجايىب بىر ئىشنى كۆردۈم، — دەپتۇ. پادىشاھ كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ:

— ھە، نېمە ئىشنى كۆردۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھازىر بىلىلا، شاھىم، — دەپتۇ ۋەزىر. پادىشاھ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەي ۋەزىرگە ئەگىشىپ دېھقاننىڭ قېشىغا كەپتۇ. ۋەزىر دېھقاندىن سوراپتۇ:

— ھەي ئاغىنە، نېمە قىلغىنىڭ بۇ، ساندۇقنى قىردا قويۇپ ئاغدۇرساڭ بولمامدۇ بۇ يەرنى؟

— يوقسۇ، تەقسىر، — دەپتۇ دېھقان ئۇلارغا، — بۇ ساندۇقنى ئۆزۈمدىن بىر قەدەم نېرى قىلالمايمەن.

— نېمە بار ئىدى بۇ ساندۇقۇڭدا، ئۇنچە ئەتىۋارلاپ، ئالتۇن بارمۇ يا؟ — دەپتۇ ۋەزىر. پادىشاھ بولۇۋاتقان گەپلەرگە قۇلاق سالغىنىچە جىمىدە تۇرۇپتۇ.

— ئالتۇن، ئالتۇن دېدىلىما؟ ھا - ھا - ھا، — كۈلۈپ كېتىپتۇ دېھقان، — ئالتۇن دېگەن قانچىلىك نېمىدى ئۇ؟ ئالتۇن بولسا مۇنچىلىك قىلىپ كەتمىگەن بولاتتىم، تەقسىر، ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك نېمە بار بۇ ساندۇقتا !

— ئۇنداق بولسا ساندۇقنى ئاچ، كۆرۈپ باقايلى، — دەپتۇ ۋەزىر.

— ياق، ياق، بولمايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە باشقا نەرسە ئە-
مەس، مېنىڭ خۇدايىم بەرگەن ھالال جۇپتۇم بار دېسىلە. ئۇ
روپاش. ئايالىم مەندىن باشقا ئادەم ئەمەس، ھەتتا ئەركەك چىۋىن-
نى كۆرۈشنىمۇ خالىمايدۇ، تەقسىر، — دەپتۇ دېھقان.

— ئاچ دەيمەن، ئاچ ! — بۇيرۇق قىپتۇ ۋەزىر. دېھقان
قانچە يالۋۇرغان بولسىمۇ ۋەزىر ئۇنىماي چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. پا-
دىشاھ، بۇ ۋەزىرىم نېمانچە قىلىپ كېتىدىغاندۇ، ئايالنىڭ
گېپىنى ئاڭلاپ تۇرالمايلا قالدىغۇ بۇ، ئېھتىمال ۋەزىرىم ئايال
سېغىنىپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ خاپا بوپتۇ، ئەم-
ما گەپ قىلماپتۇ. دېھقان ۋەزىرنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ سان-
دۇقنى ئېچىشقا مەجبۇرلىماسلىقنى قانچە ئۆتۈنگەن بولسىمۇ،
بىراق ۋەزىرنىڭ جەھلى تۇتۇپ قىلىچىنى سۇغۇرۇۋاپتۇ - دە:

— ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، ساڭا كىمنىڭ گەپ قى-
لىۋاتقانلىقىنى بىلەم-
سەن؟ بۇ كىشى، —
دەپتۇ ۋەزىر پادىشاھنى
كۆرسىتىپ، — يەتتە
ئىقلىمغا مەشھۇر پادى-
شاھ، مەن ئۇنىڭ ۋەزى-
رى. دەرھال ئاچ ! —
دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.



دېھقان: «پادىشاھ
بولسىڭىزمۇ ئاچمايمەن»
دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.
ۋەزىر ساندۇقنىڭ قۇلۇ-
پىغا خەنجەرنىڭ دەستى-
سى بىلەن بىرنى ئۇرغا-

نىكەن، قۇلۇپ ئىككى پارە بولۇپ، ساندۇق ئېچىلىپتۇ. ساندۇق ئېچىلىش بىلەن ھېلىقى ساھىبجامال: «مەرھابا، قەدىرلىكىم» دەپ يۈزىدىن پەرەنجىسىنى شۇنداق ئالغانىكەن، ناتونۇش ئىككى ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ جامالىنى رومال بىلەن توسۇپتۇ.

— ۋىيەي، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ — دەپتۇ ساھىبجامال ئېرىگە قېيىدىغان قىياپەتتە، — نامەھرەم بولار دېمىدىڭىزمۇ؟

— يۈزۈڭنى ئاچ! — ۋارقىراپتۇ ۋەزىر. ئايال قورقۇپ-تىترەپ يۈزىنى ئېچىپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭ تۆش يانچۇقىدىن قۇتىنى ئاپتۇ-دە، ئايالغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— بۇ نېمە؟

— قۇتا.

— ئىچىدە نېمە بار؟

— ئەڭلىك.

— ئاچ!

— بولمايدۇ، تەقسىر.

ۋەزىر قۇتىنىڭ ئاغزىغا «توككىدە» بىرنى چەككەنىكەن، ئىچىدىكى يىگىت ھىجايغان پېتى بېشىنى چىقىرىپتۇ-دە، ئەتراپتىكى ئادەمنى كۆرۈپ غىپپىدە قۇتىنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. ۋەزىر ۋارقىراپ تۇرۇپ قۇتىدىكى يىگىتنى مەجبۇرىي چىقىرىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ داڭقېتىپلا قاپتۇ.

— ھەي نائىنساپلار، ھەي نومۇسسىز شەرمەندىلەر، بۇ بىچارە ئادەم ئىككىڭنى يۈدۈپ يەر ئاغدۇرۇپتۇ. سەنلەر ساندۇقنىڭ ئىچىدە ئىپلاسلىقلارغا غەرق بولۇشۇپسەن. بۇ جاپاكەش دېھقان يۈزمىڭ مۇشەققەت بىلەن سەنلەرنى بېقىپ يۈرۈپتۇ. ئەي پەسكەش خوتۇن، سەن روپاشمۇ؟ بايا بۇ ئادەم ئۇخلاپ قالغاندا قىلغان ئىشلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى مەن ئاۋۇ

دۆڭدە ئولتۇرۇپ كۆردۈم. سەنلەر ئۆلۈمگە مەھكۇم! — دەپتۇ ۋەزىر غەزەپلىنىپ.

بۇ ئاھانەتكە چىدىيالمىغان دېھقان ھوشىدىن كېتىپتۇ. بىرپەس ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ھوشىغا كەپتۇ - دە، يىغلاپ تۇرۇپ ۋەزىردىن بۇ ئىككى مەلئۇننىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ بېرىشنى ئىلتىجا قىپتۇ. ۋەزىرنىڭ قىلىچى قانغا بويىلىش بەدىلىگە ئىككى باش يەرگە دومىلاپ چۈشۈپتۇ. دېھقان ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى سورىغانىكەن، ۋەزىر پادىشاھ بىلەن ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. دېھقان ئۆزىنىمۇ ھەمراھ قىلىۋېلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېھقانمۇ بۇ ۋاپاسىز دۇنيادىن قول ئۈزۈپ، پادىشاھ بىلەن ۋەزىرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپتۇ.

ئۇلار يەنە كۆپ يوللارنى بېسىپتۇ. چۆللەردىن كەنتلەرگە، كەنتلەردىن باياۋانغا كىرىپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇلار شۇنداق مېڭىپ بىر جاڭگالدا كېتىۋاتسا، يىراقتىن بىر ئۆيدەك نەرسە كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلارنىڭ قورساقلىرى ئېچىپ، ئۇسساپ كەتكەنىكەن. ئۇلار بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ھېلىقى ئۆينىڭ ئالدىغا كەپتۇ، بۇ چاغدا شام ۋاقتى بولغانىكەن. ۋەزىر ئىشىكنى «گۇم، گۇم» قىلىپ ئۇرۇپتۇ، ئارقىدىن:

— ئادەم بارمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— سىلەر كىم؟ — ئۆينىڭ ئىچىدىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

— ئىشىكنى ئېچىڭ، بىز پادىشاھ بىلەن ۋەزىر، — دەپتۇ ۋەزىر.

— ئۆيدە ئەر كىشى يوق، ئېرىم ئوتۇنغا كەتكەن، خاپا بولۇشمىسىلا، ئىشىكنى ئاچالمايمەن، — دەپتۇ ئايال ئۆينىڭ

ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇلار نائىلاج قاپتۇ. ئۇچەيلەن مەسلىھەتلىشىپ بۇگۇنكى كېچىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۇزمەكچى بوپتۇ. پادىشاھ بىلەن دېھقان جەينەكلىرىگە بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇ. ۋەزىر ئۇخلىماي ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۆينىڭ ئىچىنى كۆزىتىپتۇ: ئايال ئايىغى - ئايىغىغا، قولى - قولىغا تەگمەي بىر ياغلىق ھېسىپنى قۇيۇپتۇ، ھېسىپ پىشقاندىن كېيىن ئاسقۇغا ئىلىپ قويۇپتۇ، ئارقىدىن تازا قىيمىلىق قىلىپ بىر گۆشناننى پىشۇرۇپ داستىخانغا ئوراپ قويۇپتۇ، يۇگۇرۇپ يۇرۇپ بىر قازان چۆچۈرىنىمۇ پىشۇرۇپتۇ، ئاندىن كارىۋاتنىڭ قېشىغا كېلىپ: «چىقىڭ» دېگەنىكەن، كارىۋات ئاستىدىن بىر يىگىت چىقىپتۇ. ۋەزىر تېخىمۇ سەگەكلىشىپ، كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ تۇرۇپتۇ. ئايال ياغلىق ھېسىپ، گۆشناننى ئېلىپ يىگىتنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. چۆچۈرىنى ئۇساي دېگەندە تالا تەرەپتە تاراق - تۇرۇق بولۇپ، ئېرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئايال دەرھال ھېلىقى يىگىتنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا، تەييارلىغان غىزالىرىنى ئۇيەر - بۇيەرگە يوشۇرۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئايالنىڭ ئېرى ئوتۇندىن قايتىپ كەلگەنىكەن.

— ھوي، نېمە ئادەم سىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ ئوتۇنچى ئىشىك ئالدىدىكىلەرگە قاراپ. ۋەزىر دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ:

— بىز پادشاھ بىلەن ۋەزىر. ئايالىڭىز ئىشىكىڭىزنى ئاچمىدى. شۇنداق بولسىمۇ مۇشۇ يەردە تۇنىۋالايلى، دەپ يېتىپ تۇرغانىدۇق.

— ھوي خوتۇن، ئىشىكنى ئېچىڭلا، ماۋۇ خوتۇننىڭ نېمە قىلغىنىدۇ بۇ؟ ئەزىز مېھمانلارنى تالادا قوندۇرغىنىڭلا نېمىسى؟ — دەپتۇ ئوتۇنچى. ئايال ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى ئاچقاچ:

— ئۆيدە سىلى بولمىسىلا، مەن يالغۇز كېچىدە قانداق ئىشىك ئاچاتتىم؟ — دەپتۇ. ئۇلار ئوتۇنچىنىڭ قىزغىن تەك-

لىپ قىلىشى بىلەن ئۆيگە كىرىپتۇ.
— ھە خوتۇن، ئۆيدە بار ياخشى نەرسىلىرىڭلىنى ئېلىپ بۇ ئەزىز مېھمانلارنى ئوبدان مېھمان قىلىڭلا! شاھ ئالىيلىرى بىلەن ۋەزىرئەزەمنىڭ غېرىب كۆلبىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىشى ئويلىمىغان بەخت، خوتۇن، — دەپتۇ ئوتۇنچى ئايالىغا چۈشەندۈرۈپ. ئايال ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئوك قېشىنى يۇقىرىسىغا بىر ئېتىپتۇ- دە:
— ئوتۇنچىنىڭ ئۆيىدە نېمە بولماقچىدى، مۇسۇلمان؟ — دەپتۇ. ئاندىن ئىككى دانە قېتىپ قالغان قوتۇرماچ بىلەن بىر ھېجىر چىنىدە سوغۇق سۇ كەلتۈرۈپتۇ. قارىمامدىغان ماۋۇ خوتۇننى، يا گۆشنانىنى، يا ھېسىپىنى، ھېچبولمىسا چۆچۈرىنى بولسىمۇ ئەكەلسىچۇ، دەپ ئويلاپتۇ ۋەزىر. ئۇ قېتىپ قالغان زاغرا قوتۇرماچنى بىر چىشلىگەنىكەن، ئېغىز چىشى زىڭڭىدە قىلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىرنىڭ بۇ ئايالغا بولغان غەزىپى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. قارىسا، ئوتۇنچى ھېلىقى قاتتىق ناننى سۇغا چىلاپ كاراسلىتىپ تازا مەززە قىلىپ يەپ ئولتۇرغۇدەك. بىردىنلا ۋەزىرنىڭ ئاغزى قىچىشىپتۇ:
— ئەي دوستلار، مەن ئاجايىپ بىر چۈش كۆردۈمكى، ئەيىۇھەنناس، ئاجايىپ ئىش دەڭلار.
— قانداق ئىش؟
— زادى قانداق ئىش؟
— ئېيتىڭچۇ!
ئولتۇرغانلار ھەيران بولۇپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سورىشىپتۇ. ۋەزىر گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالىۋېتىپ، گېلىنى قىرىپ سۆزلەپتۇ:
— چۈشۈمدە بىر ئەجەل بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ شۇنداق ۋەھشىي ئەجەلكەنكى، جېنىڭنى ئالىمەن، دەپ ئالدىم-

غا يىلاندەك تولغىنىپ كەلدى. راست گەپنى دېسەم، ئۇ بىر يىرتقۇچ يىلان ئىكەن. يىلاننىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى قانچىلىك دېمەمسىلەر؟ چوڭلۇقى ئاشۇ ئاسقۇدىكى ھېسىپقا ئوخشاپ كېتىدۇ، — ۋەزىر قولىنى چېنەپ ھېسىپنى كۆرسىتىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئاسقۇدا ھېلىلا سۇزۇۋېلىنغان ياغلىق ھېسىپ ھور چىقىرىپ تۇرغۇدەك. ئوتۇنچى ئايالىغا بىر ئالىيىپ قويۇپتۇ. ۋەزىر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ، — قانداق قى-



لىشمىنى بىلمەي ئارقامغا قاراپ قاچتىم، يىلان قوغلىدى. بىر ئامال قىلاي دەپ كۆزلىرىم چەكچەيگەن ھالدا ئەتراپقا قارىسام، ياپىلاق بىر تاش تۇرۇپتۇ. ئۇ تاش ھەم ياپىلاق، ھەم يۇمىلاق ئىكەن. تاشنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى دەل مۇشۇ گۆشناندەك بار دەڭلار، — ۋەزىر يوگورۇپ بېرىپ داستىخانغا ئوراپ قويۇلغان گۆشناننى ئېلىپ كۆرسىتىپتۇ. داستىخاننىڭ ئېچىلىشى بىلەن تارقىغان خۇشبۇي پۇراق دىماغلارغا گۇپپىدە-دە ئۇرۇلۇپتۇ. ئايالنىڭ چىرايى ئۆڭۈشكە باشلاپتۇ.

— كېيىن قانداق بولدى؟ تېزرەك دېسىڭىزچۇ ئادەمنى تىتىلداتماي، — دەپتۇ ئولتۇرغانلار. ۋەزىر ئالدىرىماي، بىر-دەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— يىلان قوغلاپ كەلدى، مەن تاشنى كۆتۈرۈپ ۋاقىتىدە بىرنى سالدىم، — دەپتۇ.

— ھە، كېيىنچۇ؟

— يىلان ئۆلدىمۇ؟

— ئۆلمەمدىغان، — دەپتۇ ۋەزىر سوزۇپ سۆزلەپ، — تاش يىلاننىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا تېگىپ ئۇنىڭ تېنى مەلەق - مەلەق بولۇپ كەتتى، خۇددى ماۋۇ قازاندىكى پىشىپ ئېزىلىپ كەتكەن چۆچۈرىدەك، — دەپ شۇنداق بېرىپ قازاننىڭ تۈۋىقىنى ئاچقا-نىكەن، ئولتۇرغانلار قازاندىكى لىققىدە چۆچۈرىنى كۆرۈپ: «يا-ئاللا» دېيىشىپتۇ.

— شۇنداق بولدى دەڭلار، — دەپتۇ ۋەزىر، — ئاشۇ ھېسسىپتەك يىلاننى، مۇشۇ گۆشناندەك تاش بىلەن بىرنى قو-يۇۋىدىم، بەدەن - بەدەنلىرى مۇشۇ چۆچۈرىدەك مەلەق - مە-لەق بولۇپ كەتتى. يىلانمۇ ئۆلدى، مەنمۇ ئامان قالدىم. ئەمە-ما، قارىسام يىلاننىڭ ئىككى كۆزى ماۋۇ كارىۋاتنىڭ ئاستىدا ياتقان يىگىتنىڭ كۆزىدەك پارقىراپلا قاپتۇ، — ۋەزىر بېرىپ

كارىۋاتقا يېپىپ قويغان كىگىزنى شۇنداق قايرىغانىكەن، بىر يىگىت لاغىلداپ تىترەپ، كۆزىنى پارقىرىتىپ ياتقۇدەك. ۋەزىر گەپ قىلماي ئارقىسىغا يېنىپ ئۆز جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمىگەن ئوتۇنچىنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ، دەرغەزەپ بولغان هالدا كارىۋات ئاستىدىكى يىگىتنىڭ ياقىسىدىن سۆرەپ چىقىرىپتۇ. بىر ياقتا قاراپ تۇرغان ئايالمۇ قورقۇپ - تىترەپ كېتىپتۇ. پادىشاهمۇ ۋەزىرنىڭ ئەقلىگە هەيران بوپتۇ.

— هۇ بەتبەخت، كىم سەن؟ بۇ يەردە نېمىش قىلىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ ئوتۇنچى يىگىتنىڭ گېلىدىن سىقىپ تۇرۇپ.

— مەن، مەن... — تىترەپ گەپ قىلالماي قاپتۇ يىگىت.

ئوتۇنچى بۇرۇلۇپ خوتۇنىنىڭ چېچىدىن ئاپتۇ - دە، ۋارقىراپتۇ:

— ئېيتە، بۇ كىم؟ ئەجەب مەن تونۇمىدىمغۇ؟

— مېنى كەچۈرسىلە، مەن ئازدىم... — ئايال هەممىنى دەپتۇ.

مەلۇم بوپتۇكى، بۇ يىگىت ئوتۇنچىنىڭ ئايالىنىڭ ئاشنىسى ئىكەن. ئوتۇنچى هەر قېتىم جاڭگالغا كەتكەندە ئۇلار جەم بولۇپ بۇزۇقچىلىق قىلىدىكەن. ئوتۇنچى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تاقەت قىلالماي ئايپالتىسىنى ئاپتۇ - دە، يىگىت بىلەن ئايالنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە تۆت پارە قىلىۋېتىپتۇ. ئوتۇنچى ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ، تۇپراقنى قۇچاقلاپ هۆكرەپ يىغلاپتۇ. پادىشاه، ۋەزىر ۋە دېهقان ئۇچەيلەن ئۇنى يۆلەپ، ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى ئۇنىڭغا سۆزلەش ئارقىلىق تەسەللى بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ تۆتەيلەن هەمسەپەر بولۇپ، ۋاپاسىز دۇنيادىن كۆڭلى ئاغرىپ، هازىرغىچە يۇرت ئارىلاپ يۈرگەنمىش.

# ئېيىق ئىسلان

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ھازىر نامى ئۆچكەن ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. شۇ يۇرت پادىشاھىنىڭ ئۈچ قىزى بار ئىكەن. پادىشاھ قىزلىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەچكە، ئۇلارنىڭ كۆڭلى خالىغان يەرلەردە ئويناپ - كۈلۈشىگە يول قويىدىكەن.

بىر كۈنى ئاچا - سىڭىل ئۈچەيلەن ئويناپ - كۈلۈپ بىر تاغ باغرىغا كېلىپ قاپتۇ. ئىلگىرى بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغاچقا، بۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، ساپ ھاۋاسى ئۇلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋاپتۇ. ئۇلار بۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن زوقلىنىپ شوخ كېپىنەكلەردەك يۈگۈرۈشۈپتۇ. يېشىل چىمەنلەر ئۈستىدە دومىلىشىپ ئويناشقىنىچە، كۆمۈشتەك سۇلىرى دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان ئېقىن بويىغا كېلىپ قاپتۇ. قىزلارنىڭ چوڭى:

— ئەي سىڭىللار، بۇلاق سۈيى تەنگە داۋا، سۇغا چۆمۈلۈپ، يۇيۇنۇپ - تارىنىۋالايلى، — دەپتۇ - دە، سۇغا چۈشۈپ بېلىقتەك ئۈزۈپ ئويناپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى سىڭلىسىمۇ چۈشۈپتۇ. ئۇلار تازا ئويناپتۇ. بىر چاغدا ئىككى ئاچىسى ئاپتاپقا قاقلىنىپ كىيىملىرىنى قۇرۇتۇپ كىيىنىپ بولۇپ، سىڭلىسىنى قايتىپ چىقىشقا ئۈندەپتۇ، لېكىن ئۇ چىققىلى ئۇنىماپتۇ. ئاچىلىرى ئۈنىڭدىن:

— ساڭا نېمە بولدى؟ چۈشۈڭلەپ چىقمايسەنغۇ؟ — دەپ سورىشىپتۇ. كەنجى قىز يىغلامسىراپ:

— مېنىڭ كىيىمىم يوق تۇرىدۇ. بۇ يەردە بىزدىن باشقىمۇ ئادەم بار ئوخشايدۇ. مەن كىيىمسىز سۇدىن قانداق چىقىمەن؟ — دەپتۇ. ئاچىلىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ سىڭلىسىنىڭ كىيىمىنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. ئۇلار شۇنداق پاتىپاراق بولۇپ تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر ئېيىق پەيدا بوپتۇ. ئەسلىدە كەنجى قىزنىڭ كىيىملىرىنى ئاشۇ ئېيىق تىقىپ قويغانىكەن. ئېيىق ئۇدۇل كەنجى قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى ئۆشنىسىگە ئارتىپتۇ. كەنجى قىز تېپىچەكلەپ بېقىپتۇ، ۋارقىراپ بېقىپتۇ، لېكىن ئېيىققا كۈچى يەتمەپتۇ. ئىككى ئاچىسىمۇ ھېچبىر ئامال قىلالماي، قورققىنىدىن تۇرغان ئورنىدا بۇتتەك تۇرۇپلا قاپتۇ. ئېيىق كەنجى قىزنى ئېلىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئۇلار يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئاخىر ئۆز قېرىندىشىدىن ئايرىلىپ، ھەسرەت - نادامەتتە ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئىككى قىزىنىڭ چىرايىدىكى ھەسرەت - نادامەتنى كۆرۈپ بىر شۇملۇقنى سېزىپ:

— سىڭلىڭلار قېنى؟ نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. قىزلار بولغان ۋەقەنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ لەشكەر چىقىرىپ مەلىكىنى ئىزدىتىپتۇ. لەشكەرلەر ئېيىقنى بويىغا كېلىپ، كەنجى مەلىكىنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ، بىر ھەپتە ئىزدەپمۇ مەلىكىنىڭ قارىسىنى ئالالماپتۇ.

پادىشاھنىڭ چىرايى قىزىنىڭ دەردىدە كۈندىن - كۈنگە سارغىيىشقا باشلاپتۇ...

ئەمدى گەپنى ئېيىقتىن ئاڭلايلى:

ئېيىق كەنجى قىزنى يۈدۈپ ماڭغىنىچە ئۆزىنىڭ تۇرار جايى تاغ قاپتىلىدىكى غارغا ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ مەلىكىنى

غارغا ئەكىرىپ، غارنىڭ ئاغزىنى يوغان تاش بىلەن ئېتىۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ. مەلىكە تاشنى كۆچەپ ئىتتىرىپ باققان بولسىمۇ، تاش مىدىر - سىدىر قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئاخىر كۆز يېشى قۇرۇپ، ماغدۇرىدىن كېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. كەچ كىرگەندە ئېيىق ئىككى توشقاننى كۆتۈرگىنىچە غارغا كىرىپ كەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، مەلىكە ئۆز تەقدىرىگە باش ئېگىپ، ئېيىق بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈندۈزى غاردا سولاقتا، كېچىسى ئېيىققا ھەمراھ بولۇپ ئۆتۈپتۇ. بەزى كۈنلىرى ئېيىق ئۇنى تاغ باغرىغا ئېلىپ چۇشۇپ يۈيۈندۇرۇپ، سەگىتىپ كېلىدىكەن. كۈنلەر ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلىكە ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ، ۋاقتى - سائىتى توشقاندا، ئۇ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. تۇغۇلغىنى ئادەم بالىسى بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن بەدىنى ئېيىقنىڭ بەدىنىگە ئوخشاش تۈكلۈك ئىكەن، شۇڭا كەنجى مەلىكە بۇ ئوغۇلغا «ئېيىق ئىسلان» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. مەلىكە ئوغلىنى كۆڭۈل قويۇپ بېقىپتۇ. يىللار ئۆتۈپ، ئېيىق ئىسلان ئون بەش ياشقا كىرىپتۇ. ئېيىق ئىسلان ئەقىل، كۈچ - قۇدرەتكە تولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سولاقتا ياشاۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ. بىر كۈنى ئانىسىغا:

— ئانا، بىز مۇشۇ غاردا ياشاۋېرىمىزمۇ؟ بىزمۇ يورۇق جاھانغا چىقىپ باقايلى، — دەپتۇ. مەلىكە:

— قانداق چىقىپ كېتىمىز؟ — دەپتۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ ھەم بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئېيىق ئىسلان ئانىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ دەرغەزەپكە كەپتۇ - دە، يۈگۈ-

رۇپ بېرىپ غارنىڭ ئاغزىغا كەپلەپ قويغان تاشنى پارە ـ پارە قىلىۋېتىپ غارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. مەلىكە يورۇق دۇنياغا چىقىپتۇ. ئېيىق ئىسلان ئانىسىنى يەلكىسىگە مىندۈرۈپ تاغ باغرىغا چۈشكەندە، ئېيىققا ئۇچراپ قاپتۇ. ئېيىق ئۇلاردىن:

— نەگە بارىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ساڭا قارىساق كەلمەيسەن، سېنىڭ ئالدىڭغا كېتىپ بارغان، — دەپتۇ ئېيىق ئىسلان.

— مانا مەن كەلدىم، قايتايلى، — دەپتۇ ئېيىق. ئۇلار ئىككىسى ئېيىققا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئېيىق ئىسلان كېتىپ بېرىپ قولىغا ئادەم بېشىدەك بىر تاشنى ئاپتۇ ـ دە، چەنلەپ تۇرۇپ ئېيىقنىڭ مېڭىسىگە بىر قويۇپتۇ، ئېيىق شۇ يەردىلا جان بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار توپتوغرا پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار تاغ باغرىغا كەلگەندە، بىر ئادەم ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ:



— مەن تاغ باتۇرى بولىمەن، مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆتمەكچى بولغان كىشى يا ماڭا ئەل بولۇشى كېرەك، يا مېنى يېڭىشى كېرەك! — دەپتۇ. ئېيىق ئىسلان بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ:

— قىنى، بىر ئىلىشىپ كۆرەيلى، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئىلىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار شۇنداق ئىلىشىپ كېتىپتۇكى، يەر - جاھان زىلزىلىگە كېلىپ، كۆكنى تۇمان بېسىپ، يەر يۈزىنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. ئۇلار شۇ ئىلىشقىنىچە ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئىلىشىپ، ئېيىق ئىسلان تاغ باتۇرنى يېڭىپ، ئۇنى ئەل قىلىپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ يولنى داۋام قىپتۇ. ئۇلار يولنى شۇنداق داۋام ئېتىپ كېتىۋاتقاندا، يەنە بىر ئادەم ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— مەن ئوپقان باتۇر بولىمەن. مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆتمەكچى بولغان كىشى يا ماڭا ئەل بولۇشى كېرەك، يا مېنى يېڭىشى كېرەك ! — دەپتۇ. ئېيىق ئىسلان ئۇنىڭ بىلەنمۇ خۇددى تاغ باتۇرى بىلەن ئىلىشقاندەك ئىلىشىپتۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن ئېيىق ئىسلان ئۇنىمۇ ئەل قىپتۇ. ئاندىن ئۇنىمۇ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر قويۇق ئورمانغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار ئورمانغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندە، ئالدىنى بىر توپ يىرتقۇچ ھايۋانلار توسۇپتۇ. ئېيىق ئىسلان ھەمراھلىرى بىلەن ئاتىسىنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، يېقىن كەلگەن يىرتقۇچ ھايۋانلارنى يوقىتىپ، ياۋاش ھايۋانلارنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكە:

— ئوغلۇم، ئاتامدىن ئايرىلغىلى ئون بەش يىل بولدى. ئۇلارغا ھېچبىر سوۋغات ئېلىۋالمىدۇق، مۇشۇ ھايۋانلارنى بولسىمۇ، ھەيدىگەچ بارايلى، — دەپتۇ. ئېيىق ئىسلان بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ ھەم ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە ئوتۇن ئارتىۋېلىشنى ئېيتىپتۇ. ئېيىق ئىسلاننىڭ ئىككى ھەمراھى ھايۋانلارغا ئوتۇن ئارتىپتۇ. ئۇلار ئىشنى تۈگىتىپ يولغا راۋان بوپتۇ، خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ شەھىرىگە يېتىپ

كەپتۇ. ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن خالايىق، يېغا كەلگەن چېغى، دەپ قورقۇپ، بۇ خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ جەڭگە تەييارلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا لەشكەرلىرىنى باشلاپ چىقىپتۇ. مەلىكە ئاتىسىنى كۆرۈپ يىراقتىنلا تونۇشلۇق بېرىپتۇ. پادىشاھ كەلگەنلەرنىڭ ئۆز قىزى ۋە نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ. نەۋرىسى ھەيدەپ كەلگەن ئاجايىپ - غارايىپ ھايۋانلارنى كۆرۈپ قورقىنىدىن ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئېيىق ئىسلان ئوتۇنلارنى چۈشۈرۈپ، ھايۋانلارنى بىر يەرگە قامىۋېتىپ، پادىشاھنى ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ قىزى ۋە نەۋرىسى بىلەن ئامان - ئېسەن كۆرۈشكەنلىكى ئۈچۈن پۈتۈن يۇرتقا كاتتا بەزمە قىلىپ بېرىپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى راھەت - پاراغەتتە، خۇشال - خۇرام ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. كۈنلەر شۇنداق ئۆتىۋېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنى بىرەر ئىشقا سالماپتۇ. ئاخىر بىكارچىلىقتا ئىچى پۇشۇپ، بۇ تۇرمۇشقا كۆنەلمىگەن ئېيىق ئىسلان ئىككى ھەمراھىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇلار ياۋايى ھايۋانلارنى شۇنداق كۆپ ئوۋلاپتۇ، ئوۋلىغان نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلار شۇ يەردە بىرقانچە كۈن تۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. بىر كۈنى تاغ باتۇرىنى تۇرالغۇدا قالدۇرۇپ، ئېيىق ئىسلان بىلەن ئوپقان ئوۋغا كېتىپتۇ. تاغ باتۇرى ئۇلار كەلگۈچە گۆش پىشۇرۇپ قويماقچى بولۇپ، گۆشنى قازانغا ساپتۇ، بىراق ئوت ئۆچۈپ قېلىپ تۇتاشتۇرۇشقا ئامال قىلالماپتۇ. ئۇ ئوت ئىزدەپ سىرتقا چىقىپتۇ. ئۇ يىراق بىر دۆڭنىڭ كەينىدىن ئىس چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ تەرەپكە قاراپ يوغان قىرنى ئۇچ ئاتلاپ، كىچىك قىرنى بىر ئاتلاپ يۈگۈرۈپتۇ. بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، چىرايلىرى بەتبەشىرە، بېشى ئەسكى سېۋەتتەك بىر موماي كالا تېزىكىگە ئوت يېقىپ

قويۇپ، پىتنىنى چايناپ ئۆلتۈرغانىكەن. تاغ باتۇرى بۇنى كۆ-
رۈپ كەينىگە ياناماقچى بولغانىكەن، موماي:

— سەن نېمىگە كەلگەنىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوتقا كەلگەن.

— ئوتنى نېمە قىلىسەن؟

— گۆش پىشۇرىمەن.

— ئۇنداق بولسا، ئوتنى ئال، — دەپ تاغ باتۇرىغا تې-
زەكتىن بىرنى سۇنۇپ بېرىپتۇ موماي. ئەسلىدە ئۇ يەتتە
باشلىق يالماۋۇز ئىكەن.

تاغ باتۇرى تۇرار جايىغا قايتىپ كېلىپ، ئوتنى تۇتاشتۇ-
رۇپ گۆش پىشۇرۇشقا باشلاپتۇ. گۆش پىشاي دېگەندە يەتتە
باشلىق يالماۋۇز كېلىپ:

— ھەي تاغ باتۇرى، گۆشۈڭ پىشتىمۇ؟ پىشقان بولسا،
ماڭا ئېلىپ بەر! — دەپتۇ. تاغ باتۇرى ئۈنىماپتۇ. يەتتە
باشلىق يالماۋۇز قازاننى ئېچىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. تاغ باتۇرى قى-
لىچ كۆتۈرگەنىكەن، يەتتە باشلىق يالماۋۇز بىر بېشىدىكى
مۈڭگۈز بىلەن ئۇنى باستۇرۇپ قويۇپ، قازاندا ھېچ نەرسىنى
قويماي پاك - پاكىز يەپ، ئۇستىخانلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىپ
قاپتۇ. كەچقۇرۇن ئېيىق ئىسلان بىلەن ئوپقان ئوۋدىن قايتىپ
كەلگەندە، تاغ باتۇرى بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئەتىسى تۇرالغۇدا ئوپقان قاپتۇ. ئىش يەنە تاغ باتۇرى ئېيت-
قاندەك بوپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئۇلار ئۈچىلىسى ئوۋغا چىقماي
يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر
چاغدا يەتتە باشلىق يالماۋۇز ھەيۋە بىلەن كىرىپ كەپتۇ. ئۇ ئى-
شىكتىن كىرىشىگە ئېيىق ئىسلان شۇنداق بىر قىلىچ ئۇرۇپتۇ-
كى، ئالتە بېشى كېسىلىپ چۈشۈپتۇ. يالماۋۇز بىر بېشىنى ئې-
لىپ قېچىپتۇ، ئېيىق ئىسلان كەينىدىن قوغلاپتۇ. يالماۋۇز



قاچا - قاچا، ئۆزى تۇرغان دۆڭنىڭ تۇۋىگە بېرىپ، بىر قۇدۇققا سەكرەپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ قۇدۇق ئەسلىي يالماۋۇزنىڭ ئاستىنقى دۇنياغا باردىغان يولى ئىكەن. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە، تاغ باتۇرى بىلەن ئوپقان يېتىپ كەپتۇ. ئېيىق ئىسلان ئوپقاننى قۇدۇققا چۈشۈشكە بۇيرۇپتۇ.

ئوپقان قۇدۇقنىڭ يېرىمىغا چۈشكەندە قۇدۇقنىڭ تېگىدىن ئوت ئۆرلەپ چىقىپ، ئۇنى كۆيدۈرۈشكە باشلاپتۇ، ئۇ چىدىماي ۋارقىراپتۇ. ئېيىق ئىسلان ئۇنى تارتىپ چىقىرىۋېلىپ، تاغ باتۇرىنى چۈشۈشكە بۇيرۇپتۇ. تاغ باتۇرمۇ قۇدۇقنىڭ يېرىمىغا چۈشكەندە يەنە ئوت ئۆرلەپتۇ، ئۇمۇ نالە قىپتۇ. ئېيىق ئىسلان ئۇنىمۇ تارتىپ چىقىرىۋاپتۇ. ئاخىر ئېيىق ئىسلان ئۆزى چۈشۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇمۇ قۇدۇقنىڭ قاق يېرىمىغا چۈشكەندە تۆۋەندىن ئوت چىقىشقا باشلاپتۇ. ئۇ تۆۋەنگە قاراپ بىر تۈكۈرگەنىكەن، ئوت ئۆچۈپ قاپتۇ. ئۇ يەنە تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلاپتۇ. قۇدۇقنىڭ تېگى كۆرۈنگەندە، يەنە ئوت ئۆرلەپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئوتنىڭ ئۈستىگە سىيىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوت ئۆچۈپ، ئې-

يىق ئىسلان ئامان ـ ئېسەن يەر ئاستى زېمىنىغا چۈشۈپتۇ. بۇ ئوت ئەسلىي يالماۋۇزنىڭ سېھرىسى ئىكەن.

يالماۋۇز ئېيىق ئىسلاننى كۆرۈپ يەنە بەدەر قېچىپتۇ. ئېيىق ئىسلان ئۇنى قوغلاپتۇ. يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئۇدۇل يەر ئاستى پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا قېچىپتۇ. يەر ئاستى پادىشاھى يالماۋۇزنىڭ ئوردىسىغا باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاللا ـ توۋا كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي تۇرغان چاغدا، ئېيىق ئىسلان كىرىپ يالماۋۇزنىڭ قالغان بىر بېشىنى چېپىپ تاشلاپتۇ. يەر ئاستى پادىشاھى بۇنى كۆرۈپ:

— بۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇز بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىمىزنى يەپ، بىزگە كۆپ بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەنىدى، سەن بىزنى بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلدۇردۇڭ، — دەپ، ئۇنىڭغا كۆپ تەشەككۇر ئېيتىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ يەر ئاستى پادىشاھلىقىدا تۇرۇپ قېلىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ، ئۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن كاتتا بەزمە تەييارلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېيىق ئىسلان يەر ئاستى شەھىرىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ يادىغا ئۆز يۇرتى، ئانىسى، بۇرادەرلىرى كېلىپ، چىرايىدىكى كۈلكە ئۆچۈپ، غەمگە پېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يەر ئاستى پادىشاھى:

— ئەي ئوغلۇم، نېمە سەۋەبتىن چىرايىڭدىن كۈلكە ئۆچۈپ، غەم ـ قايغۇغا پېتىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئېيىق ئىسلان ئۆزىنىڭ ئەسلىي زاتى ۋە سەرگۈزەشتىلىرىنى ئېيتىپ، ئاخىردا:

— پادىشاھىئالەم، مەن ئۆز يۇرتۇمغا قايتىپ كېتىۋالسام، — دەپ ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— يەر ئۈستىگە پەقەت سەن چۈشكەن قۇدۇق بىلەنلا چىققىلى بولىدۇ. لېكىن، ئۇ يەردىن ئادەمنىڭ چىقىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر زادى چىقىپ كەتمىسەم بولمايدۇ دېسەڭ،

بىر شەرت بار، شۇنىڭغا كۆنۈشۈڭ كېرەك، — دەپتۇ.

— قانداق شەرت؟ — دەپ سوراپتۇ ئېيىق ئىسلان.

— ئۇ قۇدۇقتىن پەقەت مېنىڭ كىچىك قىزىملا ئۇچۇپ چىقالايدۇ. رازى بولساڭ، شۇ قىزىم بىلەن تويۇڭلارنى قىلىپ قويسام، بىرگە چىقىپ كېتىڭلار ! — دەپتۇ پادىشاھ. ئېيىق ئىسلان رازىلىق بىلدۈرۈپ، يەر ئاستى مەلىكىسى بىلەن توي قىپتۇ. توي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەلىكە ئېيىق ئىسلاننى ئۈشنىسىگە ئارتىپ يۇقىرىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ، بىر چاغدا يەر ئۈستىگە چىقىپتۇ.

يەر ئۈستىگە چىقىپ قارىسا، پادىشاھ، ئاپىسى ۋە يۇرت-تىكى ھەممە ئادەم قۇدۇق بېشىغا يىغىلىپ ئۇنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ چىققاندىن كېيىن خەلق تەنتەنە قىپ-تۇ، ئېيىق ئىسلان بىلەن مەلىكىنى بېشىدا كۆتۈرۈپ ئور-دىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھمۇ پۈتۈن يۇرتقا قىرىق بىر كۈن كاتتا توي - تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ ۋە ئېيىق ئىسلاننى ئۆزىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېيىق ئىسلان يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپ، كېيىنكى ئۆمرىنى راھەت - پاراغەتتە ئۆتكۈزۈپتۇ.

[General Information]
书名=维吾尔民间故事 14  维吾尔文
SS号=40250804